


4

1990

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

ـ بىلىم ـ شام نۇرى، نۇر بىر
ئادەمنى، سانسىز ئادەمـ.
نى يورىتار.

ــــــــــ ئەنگلىيە ماقال تەمسىلى





(لىۋ ھۆسنخەت تەلەپى تۇرسۇن قۇربان يازغان)








شىنجاڭ مەدەنىيىتى — قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

39 - يىل نەشرى — 1990 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 185 - سان)

# بۇ ساندا

## مەدەنىيەت-سەنئەت گىزىتى

شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى ........ مۇھەممەت زۇنۇن 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئەۋلىيا ئوت ........ (ھېكايە) ........ ئابدۇللا ساۋۇت 17

## مۇھاكىمە

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى دراماتىك ئامىللار ھەققىدە..... ئاپرېل سەمەت قىزى 8

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخ

ئىلى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ...... ئابدۇقەييۇم خوجا 37

## ئەخلاق-ئادەم زىننىتى

ھېكمەتلەر ........ ئەلشىر ناۋائى 77

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

دېموكراتىيە شۇڭقارى ........ (ھېكايە) ........ ئەزىز نەسىن 72

مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى نىساخان ئاچا (1987 — 1902). مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: ئىتتىپاقلىق كويى (تەشۋىقات رەسىمى). رەسىملەرنى پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتارتوختى

# شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى



— ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 48 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن جكپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شۇ ئۇ ئار ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت نازارىتى ئاچقان سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدە «بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش» يۆنىلىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەيدانى قەتئىي، بايرىقى روشەن ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ، سۈپەتلىك، مەزمۇنى ساغلام مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك قىلىۋاتقان پەيتتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 48 يىللىقى خاتىرىلەندى. بۇ، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.



(1990-يىل 2-سان، ئومۇمىي 6-سان)

يولداش ماۋزېدۇڭ «نۇتۇق»تا ماركسىزم-لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت

ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ۋە ئىتتىپاقداش قوشۇنى، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى بىرلىكسەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىپىكلەشتۈرۈش، ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىق بىرقاتار پىرىنسىپال مەسىلىلەرنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىلمىي يوسۇندا توغرا، مۇپەسسەل شەرھلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، نۇقتىلىق ۋە مەركەزلىك ھالدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى-دېھقان - ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولىدا مېڭىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۇرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ۋە گۈللىنىش يولىنى كۆرسىتىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەتتە «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس- بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» قاتارلىق مۇھىم ئىلمىي-ئىجادىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «نۇتۇق»تا شەرھلەنگەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندۇردى.

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى-ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پىرىنسىپلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىدىكى مول تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «نۇتۇق»تا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدىكى تۈپ پىرىنسىپلار تامامەن توغرا. ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى.

«نۇتۇق»نىڭ تۈپ ئاساسىي روھى - ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ، ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ ئاساسىي مەسىلە.

نۆۋەتتە بىز «نۇتۇق»نى قايتا ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ تۈپ ئاساسىي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا بىردەك بولۇپ، يولداش ماۋزېدۇڭ بۇنىڭدىن 48 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋردىكى يېڭى تەرەققىياتى. بۇ يۆنىلىشنىڭ تۈپ مەزمۇنى - ئەدەبىيات - سەنئەتنى

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مېنىڭچە، كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى — ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا، مۇھىم ئورۇنغا قويۇش — ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ تۈپ ئاساسىي مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى». ئۇ، چوڭ ئومۇملۇق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەلىپى. بۇنىڭدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئېھتىياجى تەلىپى ئەكس ئەتكەن. ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبرازچانلىقى، ئېستېتىك گۈزەللىكى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەدەبىيات - سەنئەتتە كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە قانداق خىزمەت قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇش لازىم. لى پېڭ زۇڭلى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: نەزەرىيىچىلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت، ئىدىيە ساھەسىدە ئىشلەيدىغان يولداشلىرىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەت قارىشىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پايدىلىق ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىجاد قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى مەدھىيىلىشىنى، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن شەخسلەرنى ۋە ئىش - پائالىيەتلەرنى كۈيلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. كۆپچىلىكنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقى باراۋەر بولۇپ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسىدىغان ئالىيجاناب خىسلەتنى يېتىشتۈرۈشى لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش — تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونىمىزدا — مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە

سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەتتە غايىلىك،
ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش - جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن
ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە ئەدەبىي
ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىستىك
ئىدىيىنى، ماركسىزم، لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىنى، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق
قىلىشىمىز، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدىكى ۋە سوتسىيالىستىك
يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى مەدھىيە-
لىشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىدىغان ئاساسىي خەۋپنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى
كۈچلەردىن كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قەبىھ جىنايى قىلمىشىنى قەتئىي پاش قىلىشىمىز لازىم.
بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى
ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىكى
مۇقەددەس ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھىنىڭ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى-
نىڭ، پارتىيىۋىلىك مەيدانىنىڭ روشەن بەلگىسى.

شىنجاڭدا ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، رېئال تۇرمۇشتىكى ۋە تارىختىكى مىللەتلەر
مۇناسىۋىتىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش - ئىزدىنىش، داۋاملىق تەجرىبە توپلاش، يېڭى ساھە-
لەرنى ئېچىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مۇھىم مەسىلە. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە
تېما، ۋەقەلىك تاللاشقا بولغان ئومۇمىي تەلىپى رېئال تۇرمۇشتىكى ۋە تارىختىكى مىللەتلەر
مۇناسىۋىتىنى قانداق يېزىشقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئاساسىي
قانۇنغا، جۈملىدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا، «تۆت
ئاساسىي پرىنسىپ»قا خىلاپ بولمىسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، ۋەتەن
بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولسىلا، ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئارا ئىناقلىق - ھەمجەھەتلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر
باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى
راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينىيالىسىلا، رېئال تۇرمۇشتىكى، تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى
قانداق يېزىش ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى. بۇنىڭدا، ھەر مىللەت
يازغۇچىلىرىغا كەڭ ئىمكانىيەت، بىپايان ئىجادىيەت زېمىنى ھازىرلانغان. بۇ يەردە مۇنداق
ئۈچ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم.

بىرىنچى: رېئال تۇرمۇشتىكى، بولۇپمۇ تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش
ۋە بۇنداق ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتە، سىياسىي مەسىلە بىلەن ئىجادىيەتتىكى ئىلمىي
مەسىلىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە،

يامان غەرەز بىلەن تارىخنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى بۇرمىلايدىغان غەلىتە-بىمەنە، ھاقارەت خاراكتېرىدىكى نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ دىلىغا ئازار بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەرگىزمۇ ئىلمىي مەسىلە، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئىزدىنىش دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ بۇرژۇئا چە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى ئىنكاسى. ئۇنىڭغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىش، ئاقىۋىتى ئېغىر، قانۇنغا خىلاپ بولغانلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئەگەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش جەريانىدىكى ئۇنداق ياكى بۇنداق يېتىشمەسلىكلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي خاھىشى توغرا، ساغلام بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە پايدىلىق بولىدىكەن، ئۇنىڭغا يول قويۇش، ئۇنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەنقىد قىلىش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، ئۇنى يېتەكلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىدە، ئۆرپ-ئادەتلىرىدە باشقا مىللەتلەر ئۆگىنىدىغان ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە ئىجابىي تەرەپلەرمۇ، شۇنداقلا، تەنقىد قىلىپ تۈزىتىدىغان سەلبىي تەرەپلەرمۇ بولىدۇ. پەقەت ئىجابىي تەرەپنىلا يېزىشنى تەلەپ قىلىپ، سەلبىي تەرەپنى يېزىشقا يول قويماسلىق، ياكى مەلۇم سەلبىي تەرەپ يېزىلسىلا ئۇنى ئەيىبلەپ ياكى ئۇنى «مىللىي مەسىلە» دەپ تۇتقىغا كۆتۈرۈپ قالپاق كەيدۈرۈش-قارىلاش ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. بۇ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا پايدىسىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغىمۇ خىلاپ.

ئىككىنچى، بولۇپمۇ تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى، شىنجاڭ بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلىكى باشتىن ئاخىر تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەنلىكى، شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ ھەر قايسى مىللەتلەر ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتكەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى جۇڭگودىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن ھەر قاچان چەمبەرچاس باغلانغانلىقى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق ئالغا بېسىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقانلىقى — تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى. تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يازغاندا تارىختىكى ئەنە شۇ تۈپ ھەقىقەتنى، تۈپ قانۇنىيەتنى باي ۋە رەڭگارەڭ تىپىك ئوبرازلار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىلھام بېرىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەت يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئورتاق تىرىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۈيلەيدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ تېخىمۇ كۆپ خەنزۇ يازغۇچىلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى ۋە تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا جەلپ قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ھەر قايسى مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىشى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى، ئۆز ئارا تولۇقلىشى - شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ بىر مۇھىم ئەۋزەللىكى، بۇ ئەۋزەللىكنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىش لازىم.

ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى زىچ ئىتتىپاق قىلىشىپ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن يورۇتۇپ بېرىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت رېئال تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قىزغىن كۈيلەيدىغان بولساق، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشالايمىز.

1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

VI

(بېشى 16 - بەتتە)

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەنلىكىگە توققۇز ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقى ھاياتىدا غايەت زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇيغۇر دراماچىلىقى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار دراماچىلىق ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قاتار ھازىرقى زامان درامىلىرىنىڭ توزىماس چېچەكلىرىنى جۇلالاندۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، بىزنىڭ جانىجان پېشۋاھىمىز، بوۋىمىز، ئۇستازىمىز، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس ئىپتىخارى، نامايەندىسى، ئۇستازىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ چەكسىز خەزىنىسىدىكى دراماتىك ئامىللاردىن ئىبارەت مۇشۇ بىر گۆھەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ ھېلىمۇ بىزنىڭ سەھنە سەنئىتىمىزنى يۈكسەك ئىدىيە بىلەن تاكامۇللاشتۇرۇشتا بىۋاسىتە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. خەلقنى ئۇلۇغلاش، ۋەتەننى ئۇلۇغلاش، ئىلىم - پەننى ئۇلۇغلاش، گۈزەل ئەدەب - ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، ئادالەت، ھەقىقەت ۋە بەخت - سائادەتنى ئۇلۇغلاش، بارلىق ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى سەلبىيلىكلەرنى پاش قىلىش، قامچىلاش ھېلىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىزنىڭ دراماتىك سەنئىتىمىزنىڭ باش ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى دراماتىك ئامىللار ھەققىدە





ئاپرېل سەمەت قىزى

1

ئۇيغۇرلار ــ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە مىللەت بولۇپ، ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى پەخىرلىك نامايەندە، ئۇيغۇر ئىلمىي تەپەككۇرىنىڭ ئالەمشۇمۇل دۇردانىلىرىدىن بىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىنىڭ بىباھا قىممىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىرلىق قامۇسى بولۇپ قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، قانۇنشۇناسلىق، تىل ــ ئەدەبىيات، ئىقتىسادشۇناسلىق، ھەربىي



ئىلىم ۋە دىپلوماتىيە قاتارلىق كۆپ ساھەلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاجايىپ ئالىيجاناب ئىلىم ۋە تەپەككۇر ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدى.

«قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق غايەت زور ھەجىملىك پەلسەپىۋى تېماتىكا ئاساس قىلىنغان بۇ بۈيۈك قامۇسى ئەسەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قولىدا ئابستراكت پىكىرنى ئوبرازلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەش شەكلىگە كىرگەن. «قۇتادغۇبىلىك»نى «سىياسەتنامە»، «قابۇسنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرگەن ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ شېئىرىي داستان شەكلىدە يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي شەكىلدە يېزىلغانلىقى يالغۇز ئۇنىڭ شېئىرىي داستان ژانىرىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. دەرھەقىقەت، «قۇتادغۇبىلىك» ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ چوڭ ھەجىملىك پەلسەپىۋى - شېئىرىي ئۇيغۇر داستانىدىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي شەكلى ئۇنىڭ شېئىرىي داستان شەكلىدە يېزىلغانلىقى بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ دراماتىك ئامىللار بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، دراماتىك شېئىرىي داستان بولغانلىقىدا گەۋدىلەنگەن. «قۇتادغۇبىلىك» مەيلى مەزمۇنى، مەيلى بەدىئىي شەكلى جەھەتتىن بولمىسۇن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن، كۆپ قىرلىق بىباھا خەزىنىگە ئايلانغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» (قۇتادغۇبىلىك) ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇلىنى تىزغاندا، ئۆز ئەمگىكىنىڭ ئۆلمەس تارىخىي قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتىنى ئېنىق چۈشەنگەنىدى. ئۇ، داستانىنىڭ 112 -، 113 -، 114 - بېيىتلىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

«قىممەتلىك سوۋغات تۇتتى مىڭ - مىڭچە قول، مېنىڭ بۇ سوۋغاتىم تا مەڭگۇ قالۇر.
قۇتادغۇبىلىكتۇر مېنىڭ سوۋغام ئۇل. نىچە يىغسا دۇنيا تۈگەيدۇ يوقاپ،
ئۇلارنىڭ سوۋغاتى كېلۇر ھەم كېتۇر، قالۇر سۆز پۈتۈلسە جاھانغا تاراپ.»

دەرھەقىقەت، ئۇ ئۆلمەس ئەسەر ئىدى. مانا بۈگۈن «قۇتادغۇبىلىك» جاھان مەدەنىيە - تىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارلاق دۇردانىسىغا ئايلاندى. مانا بۈگۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامى جاھان مەدەنىيىتى گۈلزارىدىكى مەڭگۈ ئۆلمەس ئەزىمەتلەر قاتارىدا ياد ئېتىلىدىغان بولدى. مانا بۈگۈن «قۇتادغۇبىلىك» ئارىدىن توققۇز ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، بىزنىڭ قەلبىمىزنى يورۇتۇۋاتقان مەرىپەت چىرىقىغا ئايلىنىپ، ھۆرمەت - ئېھتىراممىزنى قوزغىماقتا.

## II

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى دراماتىك ئامىللار «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا نەزەر - ئېتىباردىن چەتتە قالمايدىغان مۇھىم ئىستىتىك تېما.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، چوڭ ھەجىملىك پەلسەپىۋى ئەسەرنى، ئىلمىي ئەسەرنى دراماتىك شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بايان قىلىش

www.uyghurkitap.com

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ غايەت زور ئىجادىي تۆھپە ھېسابلىنىشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى تۈزگەندە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن شېئىرىيەت ئۇسلۇبى ۋە دراماتورگىيە ئەنئەنىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى ئادەتتىكى دراماتىك ئەسەرلەرگە ئوخشاش خالىغانچە پېرسوناژلار ۋە دراماتىك سەھنە كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئوقۇل سىيىكتاكىل قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆز ئەسىرىنى ئوقۇل ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى بايان قىلىدىغان نەزەرىيەۋى ئۇسلۇبتا ياكى مۇنداق ئابستراكت قائىدىلەرنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي ژانىردا يېزىشمۇ، ئوخشاشلا ئۆز ئەسىرىنى ئوقۇل دراماتىك سەھنە ئەسىرى قىلىپ يېزىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ئۇ پەلسەپىلىك، شېئىرىيەتلىك ۋە دراماتىكلىقنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىنى تاللىۋېلىپ، پەلسەپىلىك ئاساسىدا، شېئىرىي تىلدا، دراماتىك قۇرۇلمىدا بۇ ئالەمشۇمۇل قامۇسىي ئەسەرنى يېزىپ چىقتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى دراماتىك ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى تۆت ئاساسىي پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەييەن سيۇژېت (ۋەقە)، مۇنەييەن مەيداندىكى مۇنەييەن تېماتىكىلىق دىئالوگىدىن ئىبارەت بولدى.

مۇئەللىپ ئۆز داستانىغا تاللىۋالغان «تۆت» دراماتىك پېرسوناژنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولغان «تۆت تارو» (تۆت زات)نى ئوخشاش ئۇلۇغلۇق تەرزدە تاللىۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

1. ئەسەردىكى ھۆكۈمدار (پادىشاھ) — كۈنتۇغدى ئېلىگتىن ئىبارەت. ئالىم بۇ پېرسوناژنى يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلاشتۇرۇپ «ئادىل قانۇننىڭ سىمۋولى» قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن بۇرۇن «كۈنتۇغدى ئېلىگ» دېگەن بۇ ئىبارىنىڭ مەزمۇنى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن، مۇنداق ئىسىم — ئىبارىنىڭ مەزمۇنى ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ ئىدىيەۋى خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش پەقەت «قۇتادغۇبىلىك»تىلا كۆزگە تاشلىنىدىغان خاس يېڭىلىقتىن ئىبارەت.

پادىشاھ كۈنتۇغدى ئېلىگ ئىسمىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 824 —، 825 —، 826 —، 827 — بېيىتلىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئېلىگ دېدى: ئالىم بۇ قىلىقىم كۆرۈپ،
قويدى بۇ ئېتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ.
قارا، كۈن ئۇۋالماس — ھەمىشە پۈتۈن،
يورۇغى بېرەدۇر ۋە پارلاق تولۇن.

مېنىڭمۇ قىلىقىم ئاڭا ئوخشىدى،
ئادالەت بىلەن تولدى، كەم بولمىدى.
ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئومۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.»

ئالىم ئادىل پادىشاھ كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئىسمىنى ۋە مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن داستانىنىڭ 406 —، 409 — بېيىتلىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«بۇ كۈنتۇغدى ئەردى، ئېتى بەلگۈلۈك،
جاھان ئىچرە مەشھۇر قۇتى بەلگۈلۈك.

مىجەزى ئىدى تۈز ۋە خۇلقى ئوڭاي (مۇلايىم)،
سۆزى چىن، پۈتۈن ھەم كۆزى، كۆڭلى باي.

ئەقىللىق ۋە ئويغاق بىلىگچى زات ئىدى، جەسۇر، مەغرۇر ئەردى ۋە قىلىقى كۆنى،
يامانغا بىر ئوت، ياۋغا ئاپەت ئىدى. يۈكسەلتتى كۈندىن ـ كۈن بۇ خۇلقى ئۇنى.»

ئالىمنىڭ يۇقىرىدىكى شېئىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك (پادىشاھ)نىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىلىملىك، راستچىل، ئادىل، خەلققە چىن مېھرىبانلىق قويغان. ياۋغا (دۈشمەنگە) رەھىمسىز، مۇرەسسە قىلمايدىغان بىر پارچە ئوت بولۇپ ئاپەت ياغدۇرىدىغان ئاجايىپ باتۇرلۇقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر پادىشاھ ئىكەنلىكى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ.

داستاندىكى 2 ـ پېرسوناژ ـ ۋەزىر «ئايتولدى»ئوبرازى بولۇپ، ئۇ بەخت ـ سائادەتنىڭ سىموۋولى قىلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ۋەزىر ئوبرازىغا نېمە ئۈچۈن «ئايتولدى» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى داستاننىڭ 730 ـ، 702 بېيىتلىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بۇ ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ بۇ ئېتىم، كۈندىن ـ كۈن چېكىنىپ يۇقىرى چىقۇر.
خۇيۇم ئوخشىتىپ ئايغا قويىمىش ھېكىم. تولۇن بولسا تولۇپ جاھان يورۇتار،
ئاي ئاۋۋال تولىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر، جاھان خەلقى ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالار.»

ئاي يېڭى چىققاندا كىچىك بولۇپ 15 كۈنلۈك بولغاندا تولىدۇ (ئايتولدى). ئۇ ـ ئۆز يورۇقى بىلەن پۈتۈن جاھاننى يورۇتىدۇ. ئادەممۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدۇ، ئوقۇپ بىلىم ئېگىسى بولۇپ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن پۈتۈن جاھانغا تونۇلىدۇ. بۇ خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشتۇر. ئالىم ۋەزىر ئوبرازىغا يۇقىرىقىدەك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئايتولدى» ئىسمىنى قويۇپ، ئايتولدى ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىنى داستاننىڭ 462 ـ، 463 ـ، 464 ـ، 465 ـ بېيىتلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

«بار ئەردى ئايتولدى ئاتلىق تېتىك، چىرايلىق يۈز ئەردى، كۆرۈپ كۆز قامار،
بۇ شۆھرەتنى ئاڭلاپ ئىتىندى ئىتىك. سۆزى يۇمشاق، تىلىدىن تۇغرىلىق تامار.
يىگىت ئوغلان ئەردى مىجەزى بېسىق، پۈتۈن پەزىلەتنى تامام ئۆگىنىپ،
بىلىملىك، ئوچۇقدىل، ئاڭلىق، ئەقىللىق. يۈرەكتى پەزىلەتنى قولغا ئېلىپ.»

يۇقىرىدىكى شېئىردىن ئايتولدى ئوبرازى ـ مىجەزى ئېغىر ـ بېسىق، سۆزى مۇلايىم، توغرا ۋە ھەق سۆزلەيدىغان، ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىلىملىك زات ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئايتولدىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ۋەقەلىكلەرنى دراماتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئايتولدى ئوبرازىنىڭ بەخت ـ سائادەت سىموۋولى ئىكەنلىكىنى ئەمما بەخت ـ سائادەتنىڭ قارارسىزلىقىنى، تۇتۇشنى بىلمىسە قولدىن تېز چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، بەخت ـ سائادەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ـ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئالىم ئايتولدى ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلىك پەلسەپە كۆز قارىشىنى روشەن ئىلمىي، بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن.

ئالىم ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى 3 ـ پېرسوناژنى يېزىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇشتىن بۇرۇن بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ يارقىن يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئوبرازغا قويۇلىدىغان ئىسىمنىمۇ يۈكسەك بەدىئىي دىت بىلەن ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق تاللىۋالغان. «ئوگ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەقىل ـ ئىدراك بولغانلىقتىن 3 - پېرسوناژ ئوگدۇلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى) ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى بولۇپ ئۇنىڭ ئوبرازى ئاتىسى ئايتولدىنىڭكىدىنمۇ يارقىنراق، ئالىيجاناب، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىمگە ئىگە. ئەقىل - پاراسىتى ۋە بىلىمى ئارقىلىق دۆلەت ۋە پۇقرالار ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ئوبرازدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوگدۇلمىشنىڭ روھىي دۇنياسىنى داستاننىڭ 1601 -، 1602 -، 1603 - بېيتلىرى ئارقىلىق مۇنداق ئېچىپ بېرىدۇ:

«سۆيۈپ يەرنى ئوگدۇلمىش دېدى: ئەي خان، ئۇلۇغ بەگ قەدىرلەر خىزمەتچىنى ئول.

ئېلىمگ خۇشلۇقى خوپ ماڭا ھەر زامان. تىلەسەڭ قەدىرلە ۋە ياكى خار قىل،

ئۇلۇغۋار بېگىمسەن، مەن خىزمەتچى قۇل، پىدا قىلدىم ئۆزۈم ساڭا ئەمدى، بىل.»

ئوگدۇلمىش ئوبرازى خەلقنىڭ خۇشاللىقى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ئالىيجاناب ئوبرازدۇر.

ئالىم بىلىم بىلەن ھەممە ئىشنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئوگدۇلمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ دراماتىك سۆھبىتىدىكى سوئال - جاۋابلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

«بىلىمسىز تۇغۇلار، يۈرۈپ ئۆگىنۇر، ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،

بىلىم بىلسە ئىشلار ئۇتۇغلۇق بولۇر. بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.»

(1680 -، 1681 - بېيت)

ئالىم ئۆز داستانىدا ئوگدۇلمىش ئوبرازى ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى مەدھىيىلەپ، ھەر خىل ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. ئالىم بۇنى كۈنتۇغدى بىلەن ئوگدۇلمىشنىڭ دراماتىك پائالىيىتى ۋە سوئال - جاۋابلىرى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئەسەردىكى ئوگدۇلمىش ئوبرازى ھەر جەھەتتىن تاكامۇللاشقان بىر پۈتۈن مۇكەممەل ئوبرازغا ئايلىنىدۇ.

ئەسەردىكى تۆتىنچى پېرسوناژ ئودغۇرمىش بولۇپ، ئۇ، قانائەتنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر مۇرەككەپ شەخس بولۇپ، ھەم ئالىم، دانىشمەن ھەم پەيلاسوپ، شۇنداقلا رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زاھىد. ئۇ - بۇ دۇنيانى ئىككى كۈنلۈك قونالغۇ، كىشى ئۈچۈن ئازغىنە يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقىدەك بىر پارچە لاتا بولسىلا كۇپايە، باشقىسىنىڭ بەرى ئاۋارىگەرچىلىك دەپ تونىغاچقا خەلقتىن ئايرىلىپ تاغقا چىقىپ ئەتىدىن كەچكىچە ئىبادەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان تەركىي دۇنيا ئۆلىما ئوبرازى. ئالىم، ئودغۇرمىش بىلەن ئوگدۇلمىشنىڭ سوئال - جاۋابلىرى ئارقىلىق ئودغۇرمىشنىڭ ئوگدۇلمىشكە بەرگەن جاۋابىدىن ئودغۇرمىشنىڭ روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

ئوبرازلارنىڭ سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى دراماتىك سۆھبىتىنى يېزىش ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق بىلىملەرنى بىزگە بىرمۇ - بىر ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن سىرت، شۇ ئوبرازلارنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى بايان قىلىپ، ئوبرازلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى - خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بېرىش - ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا دراماتىكلىق ئوبرازلار يارىتىشىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكتۇر.

ئودغۇرمىش ئوگدۇلمىشكە تۆۋەندىكىچە جاۋاب بېرىدۇ:

«يالاڭغاچ تۇغۇلدى، ئەرىيىلمەك كېتۇر، نىچۇن ئالدىنارسەن ئايا ئۆلگۈچى،
نېمەگە كېرەك مال، ئۇ ھامان قالۇر. ئۆزۈڭ ئىككى كۈنلۈك قونۇق بولغۇچى.»

يۇقىرىدىكى شېئىر ئارقىلىق ئودغۇرمىشنىڭ: بۇ دۇنيا ئىككى كۈنلۈك قونالغۇ، ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى ئۇ دۇنياغا كېتىش ئۈچۈن دېگەن قارىشىدىن ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمنى كۈتۈپ، پانىي دۇنيانىڭ پۈتۈن ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەن بىر «زاھىد» ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

## III

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆت پېرسوناژنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن تەركىب تاپقان ۋەقەلەرنى دراماتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بۇنىڭ ئومۇمىي تەپسىلاتى مۇنداق: كۈنتۇغدى ئېلىك ئۆزىنىڭ ئادىللىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايتولدى كۈنتۇغدى ئېلىككە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئايتولدى ئۆزىگە ھەمراھ كوسەمىشنى تاپىدۇ، كوسەمىش كۈنتۇغدى ئېلىككە يېقىن ھاجىپنى تاپىدۇ، ھاجىپقا ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىك بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى ئېيتىدۇ. ھاجىپ بۇ خەۋەرنى كۈنتۇغدى ئېلىككە ئېيتىدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىكنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئايتولدى كۈنتۇغدى ئېلىك ھوزۇرىغا كىرىدۇ. ئايتولدى بىلەن كۈنتۇغدى بەخت - سائادەت ھەم ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشتىكى بىردىنبىر چارە - گۈزەل ئەخلاق بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى سوئال - جاۋابلاردىن كېيىن كۈنتۇغدى ئېلىك ئايتولدىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە، بىلىمىگە قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا تون كەيدۈرىدۇ ھەم ئۆزىگە ۋەزىر قىلىدۇ. ئايتولدى سەممىي - سادىقلىق بىلەن كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ كۈنتۇغدى ئېلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. خەلق ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋاڭ - سېلىق ئېلىپ تاشلىنىدۇ. خەلق ئاسايىشلىقتا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئەمما ياشىنىپ، كېسەل بولۇپ قالغان ئايتولدى ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئوغلى ئوگدۇلمىشنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا، كۈنتۇغدى ئېلىككە ياخشى خىزمەت قىلىش ھەققىدە نەسىھەت ھەم ۋەسىيەت قىلىدۇ. ئايتولدى ئوغلى ئوگدۇلمىشنى كۈنتۇغدى ئېلىككە تاپشۇرىدۇ: ئايتولدى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. كۈنتۇغدى ئايتولدىنىڭ ۋاپاتىغا ئىنتايىن قايغۇرىدۇ. كۈنتۇغدى ئوگدۇلمىشنى ئوردىغا چاقىرتىدۇ. ئەقىل - پاراسەت، بىلىم، گۈزەل ئەخلاق، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتتە ئاقكۆڭۈل بولۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئادىل قانۇن بولۇش كېرەكلىكى توغرۇلۇق سوئال - جاۋابلاردىن كېيىن كۈنتۇغدى ئېلىك ئوگدۇلمىشنى ئوردا خىزمىتىگە قويىدۇ. ئوگدۇلمىشمۇ ئاتىسى ئايتولدىغا ئوخشاش كۈنتۇغدى ئېلىك ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان ھالدا خىزمەت قىلىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈنتۇغدى ئېلىك ئوگدۇلمىشتىن ئۆزىگە ئوخشاش بىلىملىك كىشىلەر بار - يوقلۇقىنى، ئەگەر بولسا ئوردا خىزمىتىدە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشنى ئېيتىدۇ. ئوگدۇلمىش: ئودغۇرمىش ئاتلىق ئالىم، دانىشمەن كىشىنىڭ بارلىقىنى، بىراق ئۇنىڭ بۇ دۇنيانى ئىككى كۈنلۈك قونالغۇ، ئادەمگە ئەڭ ئاخىرى ئەسقاتىدىغىنى ئۇ دۇنيا دەپ بۇ دۇنيادىن قول ئۈزۈپ

www.uyghurkitap.com

تاغدا ئىبادەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. كۆنتۇغدى ئودغۇرمىشنى تاغدىن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن نامە يېزىپ ئوگدۈلمىشنى ئودغۇرمىش قېشىغا (تاغقا) ئەۋەتىدۇ. بۇلار دۇنيا قاراش توغرۇلۇق بەس - مۇنازىرە قىلىشىدۇ. كۆنتۇغدى ئودغۇرمىشقا تاغدىن قايتىپ خەلق ئۈچۈن كېلىپ ئوردىدا خىزمەت قىلىش توغرۇلۇق ئۈچ قېتىم خەت يېزىپ ئەۋەتسىمۇ ئودغۇرمىش كۆنتۇغدى ئېلىگ ھەم ئوگدۈلمىشنىڭ كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلىرىغا قوشۇلمايدۇ. ئەمما، ئودغۇرمىش ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ تەركىدۇنيالىق قارىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆز سەھىپىلىرىدىكى يۇقىرىقى ۋەقەلىكنى داستان ياكى دراما شەكلىدە ئىپادىلەش ئۈچۈن يېزىلغان بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە يۇقىرىقى ۋەقەلىكتىن ۋە ئۇنى دراماتىك پېرسوناژلار ئارقىلىق دراماتىك ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

## IV

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا دراماتىك خۇسۇسىيەت دراماتىك پېرسوناژ، دراماتىك سۆز - ھەرىكەت قاتارلىقلار جەھەتتە يارقىن كۆزگە تاشلانغاندىن باشقا، ئۇ تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي زىددىيەتلەر، تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان كىشىلىك دۇنياسىدىكى پاجىئەلەر، دراماتىك توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولىدىغان تۈرلۈك مىجەز - خاراكتېرلار توغرىسىدىمۇ توختىلىدۇ. بىز «قۇتادغۇبىلىك»تە سۆزلەنگەن بۇ جەھەتتىكى بايانلارنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدىكى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىنكاسى بولغان سەنئەتتىكى دراماتىك قىممىتىنى نەزەر - ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرالمايمىز. ۋەھالەنكى، دراماتىك ئەسەرلەردە بىرەر ئاساسىي ئىدىيە، مىجەز ۋە خاراكتېرنىڭ زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىش جەريانلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەسۋىرلىنىدىغان بولسا، «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ ھەقتە مۇجەسسەم ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي تەپەككۇر ئىلگىرى سۈرۈلگەن:

— مەلۇمكى، ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى ۋىلىيام شېكسپېر (1564 — 1616)نىڭ دۇنياغا داڭلىق تىراگېدىيە ئەسىرى «ئوتېللو»نى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ۋەقەلىك مۇنداق داۋام قىلىدۇ: نېگىر سەركەردە ئوتېللو دېڭىزدا يۈرۈش قىلىپ ياۋروپاغا كېلىپ ئۇ يەردە ئاق تەنلىك رىستىمىنا ئىسىملىك بىر گۈزەل قىز بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلىشىدۇ. ئوتېللونىڭ يېنىدىكى ياگو ئىسىملىك بىر ئاق تەنلىك ئەمەلدار رىستىمىنانى ياخشى كۆرىدۇ. ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدۇ. بىر كۈنى رىستىمىنا باغدا سەيلى قىلىپ يۈرۈپ قولياغلىقىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ، قولياغلىقىنى ياگو تېپىۋالىدۇ. ياگو پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، رىستىمىنا مېنى ياخشى كۆرىدۇ، قولياغلىقىنى ماڭا تەقدىم قىلدى، دەيدۇ... بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالغان ئوتېللو غەزىپىنى باسالماي رىستىمىنانى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ياگونىڭ يالغانچىلىقى — سۇيىقەستى پاش بولغاندىن كېيىن ئوتېللو ياگونى ئۆلتۈرىدۇ. كېيىندىن ئۆزى ئايالى رىستىمىنانىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆلۈۋالىدۇ... ئۇ ئىككىسىنىڭ جەسىتى قويۇلغان پاراخوت يىراق دېڭىزغا قاراپ يول ئالىدۇ. دراما شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

شېكىسپىرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بۇ تراگېدىيىسىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 322 ـ، 323 ـ، 324 ـ بېيىتلىرىدا مۇنداق گەۋدى-لەندۈرۈپ ئۆتكەنىدى:

«ئەي ئاقىل، غەزەپنى قىل ئۆزدىن يىراق،
ئاچچىقتىن يىراق بول، ئال ياخشى ئاتاق.
بۇ ئاچچىق، غەزەپتىن سەن ئەيلە ھەزەر،
يېقىن كەلسەڭ ئۇلغاي ھاياتىڭ خەتەر.
غەزەپلىك ئىشىڭ ئۇ پۇشايمان بېرۇر،
قىزىققانلىق ئولساڭ ئىشىڭ بۇزۇلۇر.»

يۇقىرىدا ئېيتقانىدەك «ئوتېللو» تراگېدىيىسىدىكى باش قەھرىمان ئوتېللو مەسىلىگە يولۇققاندا قىزىق قان بولۇپ ئاچچىقىنى باسالمايدىغان، غەزىپى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئۆز ئايالىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. ئۇ ئاخىرى پۇشايمان ئىچىدە ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ پاجىئەلىك زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياگو سىياقىدىكى كىشىلەر توغرۇلۇق ئالىم «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 1326 ـ بېيىتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا دراماتىك يېزىش ئۇسۇلى بىلەن كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا سوئال ـ جاۋابىرى ئارقىلىق ئىنسانلاردىكى ئېسىل ئەخلاقىي ـ پەزىلەت، شۇنداقلا، كىشىلەر ئارىسى-دىكى ئۆزئارا سەممىي ـ سادىق بولماسلىق، يالغان سۆزلەش، قارانىيەتلىك قىلمىشتەك ئىنسان-چىلىققا مۇخالىپ ئىللەتلەرنى؛ قىزىققان، سەۋرى ـ تاقەتسىز كىشىلەرنىڭ يارىماس مىجەزى ئۆزىگە ۋە كىشىلەرگە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسىنى كېلىپ چىقى-دىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئۆتىدۇ.

ئىتالىيىنىڭ ئاتاقلىق دراماتورگى كارلگاردونى (1707 ـ 1793) يازغان «ئىككى بايغا بىر مالاي» ناملىق كومېدىيىسىدىكى ۋەقەلىك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇي ـ پەيلى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئەستىقلايدۇ.

ئەر خوجايىن فلوروندى ئۆزىنىڭ مەشۇقى ئايال خوجايىن پەيا تىرىدچىنى ئىزدەپ ئۆزى تۇرغان شەھەردىن بۇ شەھەرگە كېلىپ مېھمانخانىغا چۈشىدۇ. ئايال خوجايىنمۇ ئاشىقىنى تېپىش ئۈچۈن بۇ شەھەرگە ئەرلەنچە ياسىنىپ كېلىپ ئۇ مېھمانخانىغا چۈشىدۇ. لېكىن ھەر ئىككى خوجايىن بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ. پەقەتلا بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئىككى خوجايىنغا تەڭلا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەر مالاي تىرىدفاتىللو خەت تونۇشمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىككى خوجايىنىنىڭ نەرسىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش نەتىجىسىدە ئەر خوجايىن بىلەن ئايال خوجايىن بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشىدۇ، ئۇلار مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەر مالاي تىرىدفاتىللومۇ مۇرادىغا يېتىدۇ. بۇ ئاتاقلىق كومېدىيىنىڭ باش قەھرىمانى مالاي تىرىدفاتىللو بولۇپ ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ـ ئالىم «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تەسۋىرلىگەن تۆۋەندىكى ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ:

«خىزمەتچى بېگىگە كۆيۈمچان كېرەك، كۆيۈمچان ۋە سادىق ئىشچان بىر قۇلى -
كۆيۈمچان بولۇشچۇن ئۇ ئىشچان كېرەك. قىلۇر چىڭ كۈنۈ - تۈن بۇ بەگلىك ئۇلى.»

(549 - بېيت، 32 - باب)

«چېچەنلىك بىلەن ئەرتىلەككە يېتەر، چېچەنلىك بىلەن بىلسە تۈرلۈك بىتىك،
بىلىم بىل، ئەقىل تاپ، كېيىن ئىشنى قىل. بىتىك بىلسە ئادەم بولۇر ئۇ تېتىك.»

(561 - بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى تۆت پېرسوناژنىڭ دراماتىك پائالىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە مۇرەككەپ ۋەقەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، كەسكىن زىددىيەتمۇ يوق. لېكىن ئالىم تۆت پېرسوناژنىڭ سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى سۆھبىتى ئارقىلىق كىتابخاننى ئۆزىگە شۇنداق جەلپ قىلغانلىكى، كىشىلەر بۇ داستاننىڭ سەھىپىلىرىدىن ھەرگىزمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمايدۇ. ئوقۇغانسېرى مەپتۇن بولۇپ بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. كىشى ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يېڭى - يېڭى بىلىملەرنى ئالىدۇ، ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ.

دراماتىك ئۇلگە يارىتىش ئارقىلىق ئەقلىي بىلىم بېرىش - «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاساسىي ئۇنۇمدارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

V

جاھان سەنئەت تارىخىدىكى ئاتاقلىق دراممىلار ياكى پاجىئەلىك تېراگېدىيىلەر بولسۇن، ئەينى زاماندىكى بارلىق قاباھەت ۋە ئىللەتلەرنى پاش قىلىش، مەسخىرە قىلىش ۋە قامچىلاشنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان ئىجتىمائىي مەقسىتى قىلىدۇ. ئىجتىمائىي مەقسەتسىز بەدىئىي ئەسەر، جۈملىدىن دراماتىك ئەسەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يۈسۈپخاس ھاجىپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدىب سۈپىتىدە ئەينى زاماندىكى ناھەقچىلىق، ئادالەتسىزلىك ئۈستىدە دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ:

«قاۋاق تۇرمە بۇگۈن، ئەي دانا ماڭا،
يەنە ئۇزۇر ئېيتسام ئەيمىنىپ ساڭا»

(79 - بېيت 7 - باب)

دېگەن مىسراسى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ناھەقچىلىق - ئادالەتسىزلىكنى «تۇرمە» دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق شارائىتتا تۇرۇپ باتۇرلۇق بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى رېئال جەمئىيەتكە بولغان كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

«ئەي بىلىملىك كىشى، ئەتراپىڭغا بىر باق. نېمىلەرنى كۆرەرسەن، بىلىملىكلەر خارلانغان، ئېتىباردىن چۈشكەن، چەتكە قېقىلغان... ئەقىللىقلار تىلسىز، ئۇلار ئاغزىنى ئاچماس... ھالالنىڭ پەقەت ئېتىلا قالدى، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى، بۇنى سەزگەن كىشى يوق... ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى، توغرا يولدا ماڭغان كىشى نەدە؟!»

(مۇقەددىمە، 10 - بېيت)

بىز بۇ جاراڭلىق مىسرالارنى ئوقۇغۇنىمىزدا ئۇلۇغ دراماتورگ، شائىر شېكىسپىرنىڭ: «ۋىجدان دېگەن بولدى بۈگۈن ناھەقلىقنىڭ سەردارىغا» دېگەن مىسراسى چۈشۈرۈلگەن مەشھۇر سونېتىنى ئەسكە ئالماي تۇرالمايمىز.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)






(ھېكايە)

ئابدۇللا ساۋۇت

**1**

– ھوش، ھوش! ئوت كەتتى! ئوت... ھوشـ شاك – ھوش!... جۈمە نامىزىدىن يېنىۋاتـ قان سەمەر ھەممىگە تونۇش، ھەم كۈلكىلىك ھەم قورقۇنچلۇق، قوپال ئاۋازدىن چۆچۈپ، بىللە كېلىۋاتقان جامائەتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈۋالدى، ئەمما ...

– كۆردۈم سىلىنى! ھوش، مۆكەمسىلە ھوش، كۆردۈم سىلىنى! ئوت كەتتى! ھوششاك – ھوش!...

جانا بۇۋى كوچىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ئۆتتى – دە، ئۇدۇل كېلىپ سەمەرنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى، دولىسىغا مۇشتىلىدى، شەپكىسىنى سىلاپمۇ قويدى.

– تەنجاك، ئاران تاپتىم سىلىنى، ھوش... كەلسىلە، – جانا بۇۋى سەمەرنىڭ قولىدىن تارتىپ بىر چەتكە چىقتى، – پىكىرىم بار، ئاڭلامىلا؟ ھوش- ھوش ... مۇنداق گەپتى، بىر پىكىر ...

– ئاڭلاي، بۇۋىم... – سەمەرنىڭ كۆزلىرى ئالاق – جالاق بولدى، ۋۇجۇدىنى مۇزدەك سوغۇق بىر ئېقىم شۇركەندۇرۇۋەتتى، قىسقا

بۇرۇتلىرى لىكىلدايتتى؟ — ئاڭلاي، ھەر گەپ بولسا ... ھە، پىكىر دېيىشلىرىمۇ، قۇلىقىمغا دېسىلە، قېنى ...

سەمەر خۇددى بويىنىدىن باغلانغان موزاي ئىگىسىنىڭ كەينىدىن ئېگىشىشقا مەجبۇرلانغاندەك جانا بۇۋىغا ئەگەشتى، كوچىدا كېتىۋاتقان جامائەت، ئۆتكۈنچىلەر، ئوقۇغۇچىلار جانا بۇۋىنىڭ قىلىقلىرىدىن قىر - قىر كۈلۈشۈپ قېلىشتى.

— جانا، ھەي جانا! — سەمەر كوچىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى، كۈلۈۋاتقانلىقىنى، مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇپ جانا بۇۋىغا يېلىناتتى، — جانا، ئوبدان خېنىم، گۈلۈم، دە، نېمە كېپىڭ بار؟ پۇل خەجلىمەسمەن؟ مە ماۋۇ پۇلنى، توختا، مېنى سۆرىمە.

— پۇل دېمىسىنا، ھۇ جوھۇت! — جانا بۇۋى كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن دېدى، — ئۇنداق سېسىق پۇلۇڭغا ئاشقىمىدىم مەن، جالاپ خوتۇنۇڭغا ئوسما ئېلىپ بەر، ئوسما، ھوش - ھوشىڭ، ئوت كەتتى! ئوت ...

جانا بۇۋى ئادەم بار يەردە ئۇنى «سىلە، ئۆزلىرى» دەپ ئاتاپ، يالغۇز يەردە «سەن»لەپ، پەس ئاۋازدا، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، ھاقارەتلەيتتى، سەمەر ھەممىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولغاچقا، تارتقان ۋىجدانىي ئازابلىرىنىمۇ ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، ئۇنىڭ ئون ئىككى يىللىق ھاياتى مۇشۇ ئازاب ئىچىدىكى سۈكۈتكە سىڭىپ كەتكەنىدى.

— جانا، قىزىلگۈلۈم، چىرايلىقىم، رەھىم قىل، ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ھېلىقى كېسىلىنىم قوزغىلىپ قالغىلى ئىككى - ئۈچ كۈن بولغان...مەن ...

— قوناق ساقىلى پەكىلەپ بېرىمەن، قاي-نىتىپ ئىچىسەن، ساقىيىسەن، ماڭ جوھۇتا!

جانا بۇۋى ئاخىرى ئۇنى كوچىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى تامىلىرى پۈتكەن بولسىمۇ، ئۈستى تېخى يېپىلماي تۇرۇۋاتقان قورۇلۇش ئورنىغا ئېلىپ كەلدى. سەمەر دوۋسۇنى چىڭقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يانچۇقىدىن دورا شېشىسىنى ئالدى — دە، سىتېل بېستىرول تابلېتكىسىدىن ئىككى تالىنى ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋەتتى.

— بۇ ئەخلەتلەر ... مېنىڭ، — دېدى جانا بۇۋى ۋە قولىدىكى تاياقنى سەمەرگە تەڭلىدى، — تۇتە، مالتىلا. بايا ئېيتقىنىمدەك ئەخلەتنى تۆكسەم يىغىمدىكى پۇللىرىمۇ چۈشۈپ ئەخلەتكە ئارىلىشىپ كېتىپتۇ، مالتىلا، پۇلۇمنى تېپىپ بەر، ھوش ...ئابدۇكېرىم ھاجىغا بېرىمەن، ساقلاپ بېرىدۇ.

سەمەر ئۈندىمەستىن ئەخلەتلەرنى مالتىلاشقا باشلىدى. كىشىلەر جانا بۇۋىنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئىدارە، مەكتەپ، شىركەتلەرنىڭ ھويلىلىرىدىكى ئەخلەتلەرنى ئېتىكىگە ئېلىپ كوچىدا ئۇيانىدىن بۇيانغا چېپىپ يۈرگىنىنى كۆرەتتى. قىزىقى شۇكى، ئۇ ئۆزى دۆۋىلىگەن ئەخلەتلەرنى بىر ئورۇندىن ئىككىنچى ئورۇنغا، ئۇ يەردىن ئۈچىنچى بىر ئورۇنغا توشۇيتتى. ئۇ قايسىلا ئۆيگە كىرسە ئۆي ئىگىلىرى، بولۇپمۇ ئاياللار، قىزلار كونا كۆڭلەك، كاستۇم - يوپكا، ياغلىق، مايكا، پايپاقلىرىنى بېرەتتى، بۇ كىيىملەرنىڭ ئىچىدە دۇخاۋا، سارجىنىڭ ھەر خىللىرىدىن، نىلون، دىلون...دىن تىكىلگەنلىرىمۇ بار ئىدى. جانا بۇۋى دۇخاۋا كۆڭلەك ياكى سارجا يوپكا كىيگەن چاغلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئېتىكىگە ئاشخانا ياكى ئۆيلەردىن بەرگەن ھەر قانداق قويۇق - سۇيۇق تاماقلارنى ئالاتتى — دە،

ئۆدۆل سەمەرنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ قوي، تو
خۇلارنىڭ ئالدىغا تۆكەتتى، ئاندىن بۇلغى-
نىپ مەينەتلەشكەن ئېتىكىگە قايسىبىر ئىدارە
ھويلىسىدىكى ئەخلەتلەرنى ئېلىپ كوچىسىدا
ئالىچاڭلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، يۈگۈرۈپ
ئۆشۈ يەرگە كېلەتتى، ئېتىكىدىكىنى تۆكۈ-
ۋېتىپ ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ يەنە بىر تەرى-
پىدىن ئېتىكىگە ئەخلەت توشقۇزۇپ، ئىككىن-
چى بىر ئورۇندىكى ئەخلەت دۆۋىسىگە قاراپ
يۈگۈرەيتتى.

بىر سائەت ... ئىككى سائەت ئۆتتى،
سەمەر توڭۇپ تىترەيتتى، دوۋسۇنى چىڭقى-
لىپ تەرىتتى قىستايتتى، قولىدىكى تاياق
تىنىماي ھەرىكەتلىنەتتى، سىنچىلاپ قارىغان
كۆزلىرى پۇل ئەمەس، قەغەز، شېشە، سۇلياۋ،
لاتا - پۇتا ئارىلىشىپ كەتكەن توپا - تۇمان-
نىلا كۆرەتتى، دۈمچىيىپ ئىشلىگەچكە بېلى
تېلىپ ئاغرىيتتى، بەدىنى غۇژژىدا قورۇلۇپ
تىترەپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى، پېشانى-
سىدىن سوغۇق تەرتەپچىرەيتتى، رەڭگى بىر
تاتىرىپ بىر قارىياتتى. ئۇ مىڭ تەستەگەۋ-
دىسىنى كۆتۈرۈپ قارىۋېدى، ئەخلەت دۆۋى-
سىنىڭ يېرىمىدىن ئازراقىنى مالتىلاپ
بوپتۇ.

سوغۇق كۆچەيمەكتە، جانا بوۋى تېۋىت-
لىرى چۇشۇپ ئۆڭگەن يېشىل دوخاۋا كۆڭ-
لەك بىلەنلا تۇراتتى، زەھەردەك ئاچچىق
سوغۇق ئۇنىڭغا تەسىر قىلمامدىكىن؟ تېخى
ئۇ ئىشتانسىز، يالىڭاياغ ...

سەمەر چىدىيالماي تاياقنى تاشلىدى-دە،
بېلىنى تەستە رۇسلاپ نېرىدىراقتىكى خىش
دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى ...
ۋاقىت ئۆتمەكتە، ئەمما سۈيدۈك ماڭماي-
ۋاتاتتى.

جانا بوۋى سەمەرنىڭ ئالدىغىلا شىرقىرى-
تىپ سىيىۋەتتى، سەمەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ
بارغانسېرى قاتتىق تۈگۈلدى، تارامىلاپ
ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرى يۈزىنى بويلاپ
بۇرۇتىغا، قىسقا ساقىلىغا چۈشەتتى. توغۇت
ئۈستىدە تولغاق يەۋاتقان ئايالنىڭ پەريا-
دىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئازابلىق
ئىنجىقمۇ ئۇنىڭ تەرىتىنى راۋان قىلالمىدى،
ئاخىرى ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ جانا بوۋىنىڭ
دۈپۈك لەيلىتىپ تۇرغان سۈيدۈكى ئۈستىگە
كۆپچىدە يىقىلدى.

- ھوش، ھوش! يېتىپ تۇرتوڭگۇز، ھوش-
شاڭ- ھوش، بۇيا ئورۇقى، قوناق ساقىلى
ئەكېلىمەن.

جانا بوۋى كەتكىلى نەۋاخ، شامال پە-
سەيگەن بولسىمۇ ھاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى.
كۈگۈمىدىن كېيىن يەر - ئاسمان بىراقلا
قاراڭغۇلاشتى. غۇيۇلداپ چېپىپ يۈرگەن
پىكاپ ئاۋازى كوچىنى ۋەھىمىگە سالاتتى.
پىكاپ پۈتۈن كوچىنى ئايلىناتتى، سىگنال
بېرەتتى. سەمەرمۇ كوچىنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ
يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن قايتقان پىكاپ-
نىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى، سىگنالىنى
ئاڭلىدى. ۋەھىمىلىك، ئۈزۈلمەي ئاڭلىنى-
ۋاتقان سىگنال ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرگە-
نىدى، ئەمما ئۇنىڭ چىڭراق تۇۋلىغىدەك
دەرمانى يوق ئىدى. جانا بوۋى پەيدا
بولدى. «ھوش، ھوش، قوناق ساقىلى تاپال-
مىدىم ...» دېگىنىچە سەمەرنى سۆرەپ -
تارتىپ ئاخىرى يول بويىغا ئەپچىقتى،
بېشىنى ئاسفالت يولنىڭ زەكۇنىدىسىگە
قويدى ... پىكاپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى،
جانا بوۋى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋالدى.

- ھوششاڭ - ھوش! ھەي توڭگۇزنىڭ
بالىسى! ھەي مەخمۇت كوڭكاڭنى توختات!
ھوش! ...

پەكاپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئالچاڭلاپ تۇرغان جانا بۇۋىدىن قېچىپ بىر چاقىي يول چېتىدىكى ئېرىققا تەڭقىلدى. كابىنكىدىن چۈشكەن مەخمۇت كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆردى - يۇ، كۆزىگە قان تولغان ھالدا جانا بۇۋىغا قاراپ ئېتىلدى.

- ھو - ساراڭا پاسكىنا! ساراڭا ... دادامنى ... - مەخمۇت كۈچلۈك قوللىرى بىلەن جانا بۇۋىنى گەجگىسىدىن بېسىپ يەرگە يۆكلىدى - دە، بويىنغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى، - سەن ئىكەنلىكىڭنى ئېنىق كۆرگەن بولسام، باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم!

- ئوغلۇم، ئاپىلا! ... - دېدى سەمەر زەئىپ ئاۋازدا، - يامان قىلدىڭ، ئۇرما، بولدى بالام، بولدى!

مەخمۇت جانا بۇۋىنىڭ بېقىنىغا يەنە بىر مۇشت ئۇردى - دە، دادىسىنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كەلدى، جانا بۇۋى تەستە ئورنىدىن تۇردى ۋە:

- ھوش، توڭگۇزنىڭ بالىسى! مېنى ئۇرغان قولۇڭ ئۇزۇلۇپ چۈشكەي، ھوششاڭ - ھوش! ئېقىپ كەتكەي! ھوش ... ! دېگىنىچە قاچتى.

- ئىسىت! - دېدى سەمەر ئوغلىنىڭ گەۋدىسىگە يۆلىنىپ مىڭىۋېتىپ، - ئەۋلىياغا تىل سالغىنىڭ يامان بولدى، ئۇرما دەپ تۇرسام ...

2

«پارىژنىڭ سىرى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ 6 - سېرىيىسى ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا رەيھانەم ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، بېرىپ تېلېۋىزور كونۇپكىسىنى بېسىپ ئۆچۈرۈۋەتتى، شىرە چىرىغىنى ياندۇردى، ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ رەھبەرىي كادىرلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بۇ مەخسۇس ياتىقى ئەۋۋال يورۇقلۇق ئىچىدە بىر خىل سىرلىق تۇسكە كىردى.

- مەن كېتىپ، مەخمۇتنى ئەۋەتەيمىكىن؟ - رەيھانەم كۆكسىنى ئالدىغا چىقىرىپ كېرىلدى، زاڭقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەسنىدى. قىزارغان كوزلىرىدىن ئۈچ كۈندىن بېرى سەمەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قاتتىق چارچىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، ئىشىككە قاراپ مېڭىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - خالىدەم يالغۇز، قورقىدۇ، مەن...

- كەتمە! - دېدى سەمەر بۇيرۇق تەلەپپۇزدا، - قېشىمدا سېنىڭ تۇرغىنىڭ ياخشى، ھەر ھالدا....

سەمەر ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي قېلىن كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇردى. ئۇنىڭ زەكىرىدىگە ئۆتكۈزۈلگەن شىلانكا يۇق ئەدىيال ئاستىدىن ساڭگىلاپ پەستىكى داسقا چۈشۈپ تۇراتتى. رەيھانەم شىلانكا ئۈچىدىن سىزىپ چۈشۈۋاتقان سۈيدۈككە قاراپلا قوشۇمىسىنى تۈردى، ئاستۇمىنى سىيلىۋېتىپ ياتاقتىكى بوش كارىۋاتقا چۆرۈۋەتتى، ئاندىن يېنىك دەسسەپ چىقىپ كەتتى، كارىدوردا توپلەينىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ بارا - بارا يىراقلاشتى، ئاجىز يورۇقتىكى دائىمىي تەشۋىشلەر شۇ ھامان قاتتىق سارىسىمىگە ئايلاندى. تام سائىتى بىر خىل رىتىمدا چىكىلدايتتى. سەمەر بوش قولىنى چىقىرىپ كارىۋات بېشىغا چىگىلگەن يىپنى تارتتى، تورۇستىكى لامپا يېنىپ ياتاق ئىچى ئاپئاق يورۇپ كەتتى. ئاسما ئوكۇل جازىسى، سېرىق شىلانكا، بەلەككەسانجىقلىق تۇرغان 8-نومۇرلۇق يىڭنە...، قان تېپەر ئوكۇلى بىرتامچە - بىر تامچىدىن چۈشۈپ سەمەرنىڭ تومۇرلىرىغا، بەدىنىنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرە - كىلىتكىلىرىغا

www.uyghurkitap.com

تارتماقتا، كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل قىلماقتا. سەمەر ئويلاپ قالدى: ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، قەلبى، ئەقىل-پاراسىتى ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىززەت - ئابرويىنى، ھوقۇقىنى، بايلىقنى خۇددى ئاشۇ ئوكۇل تامچىلىرىدەك ئاز - ئازدىن، ئۇزاق مۇددەت شورىغانىدى، ئۇ چاغلار ئاجايىپ چاغلار ئىدى، لېكىن...

كارىدوردىن ئاڭلانغان بوش كۈلكە سەمەرنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى. رەيھانەمنىڭ كۈلكىسى... ئۇ كىم بىلەندۇ پىچىرلىشىۋېتىپ كۈلەتتى، گويا ئېرىم ئاڭلىسۇن دېگەندەك بىر قەستەنلىك بىلەن كۈلەتتى. شىتىر - شىتىر ئاۋازلار، توپلەينىڭ بىر - ئىككى قېتىم يەرگە قاتتىق تېگىشى... سۈركىلىشلەر، پىخىلداشلار... سەمەرنىڭ يۈرىكى جىز- جىز قىلىپ يېرىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

رەيھانەم كىردى.

—كىم ئۇ؟ كارىدوردا...

—سېسترا ئايشەم،—رەيھانەم ئاستا مېڭىپ كېلىپ بوش كارىۋاتقا ئولتۇردى،—قىزىق گەپ قىلىپ... كۈلدۈرۈپ...

رەيھانەم ھىجايدى. سەمەرنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. رەيھانەمنىڭ يۈك پوپايكىسىنىڭ دولا قىسمى ھاك يۇقى ئىدى...

—بىرسى قىزىق گەپ قىلسا، بىرسى تامغا سۈركىشەمدىكەن؟

غۇچۇرلىغان، كىرىشكەن چىشلار ئارىسىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىققان بۇ سۆزلەر رەيھانەمگە قىلچىلىك تەسىر قىلمىدى.

—ئايشەم ئىككىمىز چاقچاقلاشتۇق.

—ھىم!...

رەيھانەم گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك توپلىيىنى سىلىۋېتىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە تامغا ئالدىنى قىلىپ يېتىۋالدى، يوپكىسىنىڭ كاسا تەرىپىدىكى ھاك يۇقۇندىلىرى مانا ئەمدى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى.

سېسترا كىرىپ جازىغا ئېسىلغان شىشىگە يەنە 250 گرام قان تېپەر ئوكۇلى سۇيۇقلۇقىنى قۇيدى. سەمەر كۆز ئۇچىدا قاراپ سېسترانىڭ ئايشەم ئەمەس، باشقا بىر قىز ئىكەنلىكىنى كۆردى، ئايشەم بۈگۈن ئىشلىمىگەن، رەيھانەم... ئالدامچى!... شۇلارنى ئويلاۋېتىپ سەمەر جانابۇۋىنىڭ قاچاندۇ بىر چاغلاردىكى سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى...

ئىلى تورغىيى تىنىماي سايرايتتى، سەمەر ھويلىمىدا ئولتۇراتتى. جانابۇۋى: «ھوش! ھوش... ئوت كەتتى! ئوت...» دېگىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە: «ھەي توڭگۇز، تىلىڭ بارمۇ سېنىڭ؟ خوتۇنۇڭ جالاپقا گەپ قىلالامسەن؟ قۇلىقىڭدىكى ئالتۇن زىرىنى، قولۇڭدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى كىم ئېلىپ بەردى؟-دەپ سوراپ باقالامسەن؟» دېدى، ئاندىن ھويلا ئىچىدە پىر - پىر چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.

—ئەلۋەتتە پۇلغا ئالىدۇ-دە، پۇلغا،—سەمەر ئاۋازىنى چىڭ چىقىرىپ جاۋاب بەردى،—ماڭاش ئېلىۋاتسا، يەنە تېخى ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - دۇنياسى تۇرسا، شۇنىڭغا ئالماي بىر كىم ئېلىپ بېرەمتى؟

—ئەقلىڭگە بارىكاللا سەمەر تەنجاك،—جانابۇۋى پۇتلىرىنى يەرگە گۈپ -گۈپ ئۇرۇپ سۆزلىگىلى تۇردى،— خوتۇنۇڭچۇ، ئۇچىغا چىققان ئۇزۇق، جالاپ... بىلەمسەن، شياڭگاڭچى ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ ئاشنىسى، ھېلىقى نەرسىلەرنىچۇ؟ ھاجى بەرگەن.

—جانا، رەيھانەمگە قارا چاپلىما، ئۇ ئادەتتىكى ئاياللاردىن ئەمەس، داشۆسىڭ①، ئوقۇتقۇچى، ئابرويى بار خانىم-دە!

① ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

— ھەي، يۇمشاقباش... ئەجەلىڭ ئاداپ كەتسۇن، ھاجى بەگ باي، قويۇۋەتسەڭ. ھاجى، خوتۇنۇڭغا 10 مىڭ كوي خەجلەپ ئالدۇ.

شۇ كۈنىلا سەمەر رەيھانەمنى مېھمانخانىغا قاۋاپ، ئائىلىۋى سوت ئاچتى.

— نېمە دەيدىغانلا، توۋا...— رەيھانەم گەرچە جاۋابكار ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ناھايىتى دادىل سۆزلەيتتى،— سىلىچۇ، ئۇزۇن يىل ئىنقىلابىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم كادىر، پارتىيە ئەزاسى، رەھبەرمۇ بولغان... پېنسىيىگە چىقىپلا مېڭىلىرىنى قاغا چوقۇغىلى تۇردىمۇ—نېمە؟ جانابۇۋى—قىپقىزىل بىر سارىڭ تۇرسا، شۇنىڭ كېپىگىمۇ ئىشەنگەن بارمۇ؟ سىلىمۇ سارىڭ بولۇپ قالمىسىلا يەنە... ئابدۇكېرىم ھاجىنى مەن نەدىن بىلەي،—رەيھانەم ئاخىرقى سۆزىنى ئاچچىقلاپ تۇرۇپ دېدى،—بوپتۇ، نېمە دېسىلە سىلىنىڭ ھېساب، كۆڭۈللىرىگە شەك چۈشكەن بولسا، خېتىمنى بەرسىلە!

— ياق، ياق، رەيھانەم ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ئۇ سارائىنىڭ كېپىگە ئىشىنىمەدىغان، مەن سېنى جېنىمدىن...

«سودىيە» بىردىنلا بوشاپ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەردى، جاۋابكار ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان «سودىيە»گە تەھدىت سالدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن جانابۇۋىنىڭ كېپىگە ئىشىنەمەملا؟

—ياق، ھەرگىز...

— يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە شۇنداق گەپلەرنى دەملا؟

— ياق، ھەرگىز...

رەيھانەم مۇلايىمغىنا كۈلۈپ سەمەرنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى، مەيدىسىگە باش قويدى:

— مەن نېمىلىرى؟

—پەرىشتەم.

—يەنىچۇ؟

— جېنىم، ھاياتىم!

بىر كۈنى سەمەر ھويلىسىدا ئىللىق تۇرغىنىنىڭ موگۈلۈق كۈيىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى، جانابۇۋى ئېتىكىدە لىق شاپاق، نان، ئەسكى ئاياغ، شېشە... كۆتۈرۈپ كىردى، ئېتىكىدىكىنى بىر چەتكە تۆكۈۋېتىپ ھويلىدا پىر - پىر ئايلىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھوش، ھوش، ئوت كەتتى! سەمەرتەنجاڭنىڭ خوتۇنى ئاشىنىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى، ھوش... قونۇپ قالدى، ئوت كەتتى! ئوت...

— جانا، كەل، ئولتۇر، نان يەمسەن؟

— سەن نان يەمسەن؟—جانابۇۋى بايىقى تۆككەن نەرسىلەر ئارىسىدىن بىر بۇردا مەينەتلىشىپ كەتكەن ناننى ئېلىپ سەمەرنىڭ ئاغزىغا تىقتى، سەمەر نائىلاج ئاغزىنى ئاچتى،—يە، خوتۇنۇڭ ياپقان ناندىن مىڭ ھەسسە پاكىز، بۇنى پاك خوتۇنلار ياپقان.

— جانا، رەيھانەم چىرايلىق، پاكىزە، ئاق كۆڭۈل ئايال، ئۇنداق گەپلەرنى قىلما، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرەي.

— ھۇ، توڭگۇز! ئال دېسەم، ئالمىدىڭ، يەنە نېمە قىلىپ بەرمەكچىدىڭ؟ توغرا، ھەممىنى قىلىپ بەردىڭ، شۇڭا مەن ئەۋلىيا بولدۇم، ھوش، ھوش، ئوت كەتتى! ھوششاك...

جانابۇۋى دەرۋازىنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى.

— ۋېيەي... سەمەر ئاكا، نېمە ئىش بۇ؟

سەمەر چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى، بېشىنى سىڭايان قىلىپ پەسكە قارىدى، سۈيدۈكىنىڭ ئېقىش مىقدارى كۆپەيگەن بولسا كېرەك، داس تولۇپ، تېشىۋاتقان سۈيدۈك سېمونت پولغا ئاستا - ئاستا يامراپ كېتىۋاتاتتى. سەمەر سېستىرانىڭ يۈزىگە قاراشقا ئۇيالدى.

– رە...يھانەم، ھوي...رەيھا...

رەيھانەم قىمىرلىدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. سېستىرا قىز سەمەرنىڭ بىلىكىدىن يىڭنىنى تارتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر تامچە-بىر تامچىدىن يىغىلىۋاتقان كۈچ - قۇۋۋەت ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا توختىغاندەك بىلىندى، بەدىنىگە بۇرۇن يىغىلغان نەرسىلەرنىڭ يەنە بىر شىلانكا ئارقىلىق پەستىكى داسقا ئېقىپ تۆكەپ ئۆزىنىڭ قورۇق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھەم ھېس قىلدى. سېستىرا چىقىپ كەتتى.

– رەيھانەم، داس...سۈيدۈك...

– ھە، كۆردۈم...نېمانداق...؟

3

ھاۋا ئىللىپ قالغانىدى. ياتاقلارنى ئارىلاپ يۈرگەن دوختۇر سەمەرنىڭ يېنىغا كىرگەندە، سەمەر ناشتا قىلىۋاتاتتى. ئىككىلەن بىر پەس سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، گەپ سەمەرنىڭ كېسىلى ئۈستىگە مەركەزلەشتى.

– سۈيدۈك يولىنىڭ ئىككىسى تەرىپىدىكى بەزلەردە ئىششىق پەيدا بولغاندا، سۈيدۈك توسۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن...

– ئۆزۈممۇ ھەيران،–سەمەر دوختۇرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاشنى خالىماي ئۆزى گەپ ئاچتى،–بۇ، مەزى بېزى يوغىناش... دېمەك، ئەجەبمۇ يامان كېسەلكەن دوختۇر، بۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى...

– سەۋەبلىرى دېدىلىمۇ، – دوختۇرنىڭ چىرايى دەسلەپ سۆرۈنلىشىپ، كېيىن ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلدى، ئاندىن خىرىلداپ كۈلدى، كۈلكىسىدىكى ئاچچىق مەسخىرە ئىپادىسى، قاراشلىرىدىكى ئېچىنىش تۇيغۇسى سەمەرنى خېلىلا ھودۇقتۇرۇپ قويدى، – سەۋەبلىرى ناھايىتى ئاددى. مەسىلەن، سىلى ياشلىقىنى كۆپ قىلغان، ھاۋايى - ھەۋەستىن ئۆزلىرىنى تارتمىغان.

– ياقەي، دوختۇر، – سەمەر لازىدەك قىزىرىپ كەتتى، – بۇ ... بۇ گەپلىرىڭگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

دوختۇر يەنە خىرىلداپ كۈلدى، سەمەر بىر خىل ئىشەنچسىز ھېسسىياتلار دولقۇنىدا لەيلەپ قالدى. دوختۇر يەنە كۈلدى.

– چاقچاق ... – دېدى دوختۇر، ئومۇمەن 50 - 60 ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ خىل كېسەللىك ئاملى بولىدۇ.

دوختۇر سەمەرگە تىببىي جەھەتتىكى ئاساسلارنى سۆزلەپ بېرىشكە قىزىقمىدى بولغاي، جىم بولدى. تۇساتتىن كارىدوردا جانابۇۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

– ھوش! ھوش! ئوت كەتتى! سەمەر تەنجاڭنىڭ ياتىقى. ھوش، ياتىقى...

– كېسەللەرگىمۇ ئارام بەرمەيدۇ بۇ ساراڭ، – دېدى دوختۇر.

– ياق، – دېدى سەمەر رەنجىگەندەك بىر ئاھاڭدا، – دوختۇر، ئۇ ساراڭ ئەمەس، ئەۋلىيا.

– ئەۋلىيا!

– شۇنداق. ئەۋلىيا بولغاندىمۇ شۇنداق ئۇلۇغ ئەۋلىياكى...

– بىلمەيتتىمىز، – دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدە يەنە بىر قېتىم مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى، – ئەۋلىيا بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا چوقۇنساق بولغىدەك.

– بولىدۇ. ئۇ شۇنداق ئەۋلىياكى...

ئىشىك ئېچىلىپ جانابۇۋى كىردى، چۇۋۇلغان قاپقارا چاچلىرى يۈزىنى تولۇسۇۋالغانىدى، ئاچېرىق رەڭلىك كونا كوپتىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدى ئوچۇق بولۇپ، تولغان، چىلىق كۆكسى لىغىلداپ تۇراتتى، كۆلۈچ يوپكىسىنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە باردەك دومبۇيۇپ تۇراتتى، قىسقا، كەڭ چىت ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقى لاي چاچراندىلىرى بىلەن بۇلغانغان بولۇپ، كىر-قاسماق پۇتلىرى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئىدى.

ــ دوختۇر غوجام قارايلىغۇ؟ ــ جانا بۇۋى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سەمەرنىڭ كارۋىتىدا ئولتۇردى، ــ كۆزلىرى چۈشۈۋاتامدۇ مەيدەمگە، تومىمكەن، دىگمىكەن، ھە، شۇنداق، خالتىلاشمىغان تېخى، مېنى ئالامىلىيا؟

ــ بۇۋىم، ــ دوختۇر ئالدىغا قارىۋېلىپ دېدى، ــ مەيدىلىرىنى ياپسىلا.

ــ يۈرەككە ئوت كەتكەن، نېمە ئامال؟ دوختۇر، سەگىسۇن دەپ ئوچۇق قويىدۇم، بولمىسا قانداق چىدايمەن، ھوش، ھوش. دوختۇر، بايا نېمە دېدىم، ھە، مېنى ئالامىلا؟

ــ ئالاي، تېگەملا؟

ــ ئاۋۋال ئۆيىدىكى جۇمباقلىرىنى تالاق قىلىۋەتسىلە، ئاندىن... ھوش، ھوششاك ــ ھوش، سىلىدەك قېرىغا تەگمەيمەن، مۇنۇ توڭگۇز مېنى ئالىمەن دەپ گوللىغان. مەن ئەرگە تەگمەيمەن، مەن تېخى قىز جۇما...

جانا بۇۋى ئېتىكىنى ئېچىپ لىقمۇلىق تاماق بار غېدىرنى سەمەرگە تەڭلىدى.

ــ يېسىلە تەنجاڭ، خانىملىرى مەكتەپكە كەتتى، سىلىنى مەن باقمىسام كىم باقىدۇ، يېسىلە.

سەمەر «گوللىغان» دېگەن گەپتىن قورقۇپ ـ تىترەپ ئولتۇراتتى. جانا بۇۋى ئۇنىڭ قولىغا غېدىرنى تۇتقۇزۇپ قويدى. غېدىردا لەغمەنمۇ، پولۇمۇ، بىر يۇرجىكى چىشلەنگەن مانتىمۇ، سەيمۇ، لەگىپۇڭمۇ... بار ئىدى. سەمەر جانا بۇۋى تەڭلىگەن دەرسىلەرنى يەيتتى، ھازىر بولسا دوختۇردىن نومۇس قىلىپ، جانا بۇۋىغا سىلىق گەپلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتتى:

ــ ھازىرلا تاماق يېۋالدىم، قارنىملا بۇۋىم، ئەنە دوختۇر مېنى پەرھىز تۇتۇڭ، قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى يېمەڭ دەۋاتىدۇ، شۇڭا... ھېچ بولمىسا ھېلى يەي، ساقلاپ يەي...

جانا بۇۋى ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ياتاق ئىچىنى بىر ئايلاندى. دوختۇر ئۆزىدىكى بىر خىل ئادەتلەنگەن سەزگۈرلۈك بىلەن جانا بۇۋىنىڭ بۇلاقتەك ئوينىاپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ئاجايىپ سېھىرلىك ئۇچقۇنلارنى ۋە بۇ ئۇچقۇنلاردا ئەكس ئەتكەن ھاياتىي كۈچنى، ياشلىق مۇھەببىتىنىڭ تېخىچە يوشۇرۇن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆچمەس ئىزنالىرىنى كۆردى. كېلىشكەن قەددىي ـ قامىتى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، ئاپئاق ياقالچاقلىرى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تۇغما، تەبىئىي گۈزەل ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. جانا بۇۋى دوختۇرغا قاراپ قاشلىرىنى ئۇچۇردى، ئارقىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ لەپ ـ پىدە كۆز تاشلىدى ۋە: «ھوش! ھوش! ئوت كەتتى! ھوششاك ــ ھوش» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ــ تۇۋا، ــ دېدى دوختۇر بىر ئىچكى ھاياجان بىلەن، ــ بۇنىڭ ساراڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، بۇ ئوڭكەن، ھەقىقىي...

ــ ھەقىقىي ئەۋلىيا دېسىلە، ــ سەمەر دوختۇرنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، ــ بايا دېمىدىمغۇ، ئۇ شۇنداق ئەۋلىياكى...

دوختۇر جانا بۇۋىنىڭ ساراڭ ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن سەمەرنىڭ ئۇنى ئەۋلىيا دەپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇردى:

ــ توختىسىلا، ۋاقىت چىقىرىپ كىرىپ گەپلىرىنى ئاڭلاي، خەير!

سەمەر ئۈمىدسىز كەيپىياتتا چۆمدى، ئاستا يېپىلغان ئىشىككە قاراپ تەشۋىش، ۋەھىمە ئىلكىدە ئۆتمۈش خىياللىرىنىڭ قورقۇنچلۇق شەپىلىرىگە قۇلاق سالدى.

«.... ناھىيىدە بىر ساراڭ پەيدا بوپتۇ، ياشلا چوكانكەن، بەزىدە قىپيالىڭاچ يۈرۈيدۇ، نان، ئاش بەرسە ئالمىدىكەن، لېكىن يېمەيدىكەن، كىم ئۇچرىسا تىللاپ، ئۇرۇپ قوغلايدىكەن، بولۇپمۇ ياش يىگىتلەرنى... شۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا پۇتى كۆيمەمدىغاندۇ، نەدە يېتىپ - نەدە قوپىدىغاندۇ، تاڭەي، چىرايلىقلا بىر نېمىكەن، كوزلىرى بۇلاقتەك... تۈزۈكرەك كىيىم كىيسە پەرىزاتنىڭ ئۆزىلا بولىدىكەن، ئىسىت... ئۇڭ بولغان بولسا خوتۇن قىلىۋالغۇدەك...»

بۇندىن 12 يىل بۇرۇن سەمەر ئەنە شۇنداق كوچا پاراڭلىرىنى ئاڭلىغانىدى. «ساراڭلاردا تەبىئىي ھالدا ئاشۇنداق خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ، بىر نېمە بەرسە ئالمايدۇ، ئالسىمۇ يەنە تاشلىۋېتىدۇ، بۇ ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس...» دېگەنىدى ئۇ. بىراق ساراڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن چاغدا ۋۇجۇدىدا ئاسمان غۇلاپ چۈشۈپ ئۇنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋاتقاندەك بىر خىل دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ، بۇتتەكلا قېتىپ قالغانىدى. تاياق كۆتۈرۈۋالغان ياشقىنا بىر ئايال كوچىدا: «ھوش، ھوش! ھوششاڭ - ھوش!» دەپ ۋارقىراپ يۈرەتتى. سەمەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. «ئۇ قانداقسىگە مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟ قانداق قىلغۇلۇق؟ مېنى تونۇپ قالارمۇ؟ تونۇيدۇ، نەدە كۆرسە ئېسىلىۋېلىپ رەسۋا قىلمىغىيدى...» شۇ ئويى بىلەن سەمەر ئۆزىنى چەتكە ئالدى، ساراڭ ھوش-ھوش دېگىنىچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. «خۇداغا شۈكرى، - دېدى سەمەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، - ھېلىمۇ ياخشى، كۆرمىدى.»

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سەمەر كوچىغا، بازارغا كەمدىن - كەم چىقىدىغان، چىقسىمۇ ئاۋۋال ساراڭنىڭ بار - يوقلۇقىغا دىققەت قىلىدىغان، ساراڭنىڭ قارىسى كۆرۈنسىلا كەينىگە يانىدىغان بولدى. ئۇ دائىم باشقىلاردىن: «ئۇ ئەسلىدە بىر دىنىي ئۆلىمانىڭ ئارزۇلۇق قىزىمىش، دادىسى ئوقۇتۇپ بۇۋدىم قىلغانىكەن، كۆپ ئوقۇغاچقا كېيىنكى كۈنلەردە ئايەت كۆتۈرۈپ كېتىپ ئېلىشىپ قاپتىمىش، ئىسمىنى جانا دەيدۇ، شۇنداق، جانا بۇۋى... ئۇ تىلەپ تاپقان پۇللىرىنى قاراڭغۇ بازارچى ئابدۇكېرىمگە ساقلىغىلى بېرىدىكەن، ھازىر 500 كوي پۇلى بارمىش، پۇل يىغىپ توي قىلىمەن، ئەرگە تېگىمەن دەيمىش...» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى. بىر قېتىم سەمەر جانا بۇۋىنىڭ ئابدۇكېرىمگە يېڭىگە يىغقان پارچە - پۇرات پۇللىرىنى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بىر كۈنى كەچتە سەمەر دوستلىرىغا زىياپەت بەردى. سەمەر ئۆزى تەرجىمان بولۇپ ئىشلەۋاتقان ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى، بۇنداق زور ئامەتكە ئېرىشكەندە خۇشال بولماي، ئەمچەي بولامدۇ.

ئازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخاننىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ مېھمانلارغا ھاراق قويۇۋاتقان سەمەر توساتتىن ھويلىدا چىققان ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ قالدى،

www.uyghurkitap.com

ئۇ چىققاندا ئايالى گۈلسۈم ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى، جانابۇۋى: «ھوش - ھوش، ھوششالڭ - ھوش، تۇغۇتۇڭدا ئۆلەرسەن! ھوش...» دېگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. سەمەر دەرغەزەپ بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى، جانا بۇۋى يالىڭاياغ پېتى قېلىن قارنى كېچىپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ سارائنىڭ چىشىغا تەگمىسەك بوپتىكەن، — دېدى سەمەر قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، — ئۇ، ئۇ...

— چىشىغا تەگكىنىم يوق، — گۈلسۈم كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — ئۆيدىن چىقسام بۇ سارائ دۈملەكلىك پولۇغا مەينەت قوللىرىنى تىقىپ ئېپتىكىگە ئۇسۇۋاتامدۇ، ھاي دېدىم، توستۇم، ئۇنىمىدى، ئاشنى بۇلغىدى، ئاخىر... لاخشىگىر بىلەن بىرنى سالدىم شۇ. ئەمدى بۇ ئاشنى مېھمانلىنىڭ ئالدىغا ئەكىرگىلى بولمايدۇ، بۇمۇ مەيلى... مىنى قاغاپ...

— ھېچقىسى يوق، — سەمەر گۈلسۈمنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى يېنىككىنە سىلاپ قويدى، — ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەيدۇ، خۇدايىم تىنچ - ئامان تۇغقىلى نېسىپ قىلار.

گۈلسۈم ئىككى ئايدىن كېيىن تۇغدى، تۇغدى - يۇ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاقنى بىلەن بىللىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، سەمەر ئون ياشلىق ئوغلى مەخمۇت بىلەن قالدى...

سەمەر ستىل بېستىرولدىن ئىككى تال ئىچتى. جانابۇۋى ئېلىپ كىرگەن غېدىر دېرىزە تەكچىسىدە تۇراتتى. ئاز ئۆتمەي رەيھانەم تاماق كۆتۈرۈپ كىردى، ئارقىدىنلا مەخمۇت ئۆڭ - سېلى ئۆچكەن ھالدا يۈگۈرۈپ كىردى:

— دادا ... دادا، — مەخمۇت دادىسىنىڭ قوللىرىغا پېشانىسىنى تىرەپ يىغلاپ تاشلىدى، — قولۇم!... قولۇم...

سەمەر ئوغلىنىڭ ئوڭ قولىنى سىلىدى. ئىككى يىل بۇرۇن مەخمۇتنىڭ چەينىكىدە شاپتۇل ئۇچكىسىدەك چوڭلۇقتا بىر توپۇق پەيدا بولغانىدى، دوختۇرلار، بۇنىڭ سالامەتلىككە زىيىنى يوق، دېيىشكەنىدى. سەمەر بىلىدىكى، ھازىر بۇ توپۇق كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يوغىناپ قاپتۇ.

— دوختۇرلارغا كۆرسەتتىڭمۇ؟

— ھەئە، دادا... رەسىمگە ئالدۇردۇم، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بولۇشى مۇمكىن... جىددىي داۋالاش كېرەك، دېيىشتى.

سەمەر جانابۇۋىنىڭ ھېلىقى كۈنى: «قولۇڭ ئۈزۈلۈپ چۈشكەي» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ قالدى. «ئۇ بىر ئەۋلىيا، — دەيتتى ئىچىدە، — ئوغلۇم ئۇنى ئۇرمىسا بولاتتى، ئاھ، خۇدا ئەمدى...»

يەكشەنبە. ئىللىق كۈن نۇرى ھويلىدىكى گۈل - گىياھلارغا تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن بېغىشلىغانىدى، ئىلى تورغىيى چەرخ ئۇرۇپ سايرايتتى. سەمەر ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ كۈنگە قارىۋىدى، ئاستىدىكى ئۈستەل يېنىك غىچىرلىدى. ئۇ يېقىندا يەنە ئىككىنچى قېتىم كېسەلخانىدا يېتىپ چىققانىدى، ئوغلى مەخمۇتمۇ قولىنى داۋالىتىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەتكىنىگە تۆت كۈن بولدى، شۇندىن بۇيان سەمەر بۇ ئازادە، تىنچ ھويلىدا خاتىرجەم ئولتۇرغانىدەك قىلغان بىلەن ئېسىيادى مەخمۇتنىڭ كېسىلى بىلەن قالغانىدى، تەشۋىش ئۈستىگە تەشۋىش قوشۇلاتتى. بۇ ناھىيە بازىرىغا قاچان جانابۇۋى پەيدا بولدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ھەر بىر كۈنى، ھاياتى

دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئۆتتى. جانا بوۋاي كۈندە دېگۈدەك ئۆيىگە ئىشخانىسىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ سالامىتىـگە، غورۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلاتتى، خەقنىڭ ئالدىدا مازاق قىلاتتى.

رەيھانەم يىغلىغان پېتى كىردى. ئەلى تورغىيى شۇ ھامان سايراشتىن توختىدى.

- نېمە بولدۇڭ؟ - سەمەر ئورنىدىن تۇردى.

- زادى ئۇ ساراڭدىن قۇتۇلىدىغان كۈنىمۇ بولامدۇ؟ - رەيھانەم ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، - كىيىملىرىم پۈتكەنـكەن، ئېلىپ كېلىۋاتسام جانا ساراڭ كاپ قىلىپ ئېسىلدى - دە، تارتىۋېلىپ قاچتى، قوغلىسام... نومۇس قىلىپ كەينىمگە ياندىم، 160 كوي يوق بولدى ئەمدى...

- ھېچگەپ يوق، ئۇ ئەۋلىيا، چىشىغا تەگسەك...؛ - سەمەر ئايالىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، - يادىڭدا بولسا... ئۇ ئانىڭنى قاغىغان... ئېھتىيات قىلمىساق سەن بىلەن بىزنىمۇ...

رەيھانەم يىغىسىنى توختىتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، سەمەرنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئىستىھزالىق قايغۇ، ئۆكۈنۈش ئىپادىـلىرى پەيدا بولدى. ئەلى تورغىيى گويا بۇ ئائىلىنىڭ غەم - قايغۇلىرىغا ئورتاقلاشـماقچى بولغاندەك قەپەزدە جىم تۇراتتى.

ئايالى گۈلسۈم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنـمۇ سەمەر جانا بوۋىدىن قۇتۇلالمىدى، ئۇ ھەر كۈنى كېلەتتى، «مېنى ئال، توي قىلىلى» دەيتتى، كوچىلاردىمۇ ھەممىشە: «مېنىڭ ئېرىم سەمەر تەنجاڭ، ھوش - ھوش ئېرىم تەنجاڭ...» دەپ - چۇقان سالاتتى ۋە ئېتىكىگە يىغقان شاپاق، شاپتۇل ئۇچكىـسى، تارشا ئوتۇن، ساپال، شىشە پارچىلىـرىنى سەمەرنىڭ ھويلىسىغا توشۇيتتى، سەمەر ئۇنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئالداپ ئۆيىدىن چىقىراتتى. يۇقىرى - تۆۋەندە تېگىشلىك ئىززەت - ئابرويى بار بىر بۆلۈم باشلىقى جانا ساراڭنىڭ «مېنى ئال» دېگىنىگە چىداپ تۇرالمىسۇنمۇ، ئاخىرى ئۇ خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە ھاۋالە قىلىۋېدى، ئۇلار تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ، جانا-بوۋىنى يەكەندىكى روھىي كېسەللەر سانا-تورىيىسىگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. «ئۇھ!-، دېدى سەمەر شۇندىلا يېنىك نەپەس ئېلىپ،- خۇدا بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزدى، ئەمدى تېز-رەك تۇتۇش قىلىپ باشنى ئوڭلاي» سەمەر-نىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈپ يۈرگەن بىر نەچچە ھوقۇق مەستانىلىرى بەس-بەس بىلەنلا يىغ ئىزدىشىپ ئاخىرىدا داشۆنى پۈتتۈرگىنىگە بەش يىل بولغان، تېخىچە توي قىلمىغان ئوقۇتقۇچى رەيھانەمنى تېپىشتى. سەمەرگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھازىرقى ئورنى ۋە ھوقۇقىغا، كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىستىقبالىغا، يۇقىرى ئابروي - ئىناۋىتىگە قىزىققان رەيھانەم بىرىنچى قېتىم ئېغىز ئاچقاندىلا توي قىلىشقا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

بىر كۈنى جانا بوۋاي ئۇشتۇمتۇت كوچىدا پەيدا بولدى ۋە سەمەرنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئۇ قېچىپ كەلگەنىدى. سەمەر ئىدارىسىدا، رەيھانەم مەكتەپتە ئىدى. ئۆيدە رەيھانەمنىڭ كېسەل ئانىسى ياتاتتى. تامىقى كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان موماي ئورۇق قوللىرى بىلەن ئايۋان ئىشىكىنى تاقىۋالدى، ئەمما جانا بوۋاي ئىشىكنى تېپىپ ئاچتى-دە، كىرىپ ساندۇق-چامادانلارنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ رەيھانەمنىڭ تويلۇق كىيىملىرىنى ئالدى، بوغچا قىلىپ چىقتى. رەيھانەمنىڭ ئانىسى دەرۋازىنى ئېتىۋېلىپ جانا بوۋىنى چىقارغىلى قويمىدى، ئىككىسى بىر - بىرىنى تىللاشتى، بوغۇشتى، جېدەل ئۇستىگە سەمەر

www.uyghurkitap.com

كىرىپ قالدى. جانا بۇۋى بوغچىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— مېنىڭ ئىلمىغان ئاغزىڭغا كۆتەن چىقسۇن، ئىلاھىم ھۇ، پوقباش قېرى...!؟ — دېدى.

ئىلى تورغىيى ئۆزىنى قەپەزگە ئۇرۇپ پالاقلايتتى، ئاز ئۆتمەي چاڭىلداپ سايراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى سەمەرنىڭ ئازابلىق قەلبىدە پارتلاۋاتقان نالە - پەريادقا ئوخشايتتى. رەيھانەم ئۆيدىن چىقتى، ئىككى قولىدا ئىككى چامادان بار ئىدى.

— كېتىمەن، جانا ساراڭ مېنىمۇ قارغاپ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ، خۇددى دۇنيادا باشقا ئادەم يوقتەك بىز بىلەنلا ھەپىلىشىدۇ، ئۇ ساراڭ... بولدى، خېتىمنى بەرسىلە.

— توۋا، دە خوتۇن... - سەمەر ئۇستەلدىن قوپمىدى، - شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟

— ئەمىسە جانا ساراڭنى بۇ ئۆيگە كىرمەيدىغان، كوچا - كويدا ئالدىمىزنى توسمايدىغان، بىز بىلەن كارى بولمايدىغان قىلالامىلا؟

سەمەر بۇ تەلەپلەرنى ئىجرا قىلىشتىن ئاجىز ئىدى. جانا بۇۋىگە كۆچى يېتەمدۇ؟ ئۇجۇقان، ئازابلانغان، يۈرىكى ياپراقتەك تىترەۋاتقان سەمەر جايىدا سىقىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. رەيھانەم چامادانلىرىنى ئاران كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقتى. ئىلى تورغىيى جىمىپ قالدى. ھويلا ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. سەمەر يانچۇقىدىن قۇتىنى ئېلىپ ئىمپورت قىلىنغان قىممەت باھالىق دورا «ئېۋى پروستات» تىن ئىككى تالنى ئاغزىغا سالدى، بۇ دورىنى يېيىشكە باشلىغانىدىن بۇيان، ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى راۋان بولۇۋاتاتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىياللىرى يەنىلا ئۆتكەن ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئارىسىدا كەزمەكتە ئىدى.

رەيھانەمنىڭ ئانىسى قىزىلئۆڭگەچ راكى بىلەن ئاغرىدى، ئىككى-ئۈچ ئايغىچە كېلىپ دىن ھېچنېمە ئۆتمەي بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ ئورۇقلاپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى. گۈلسۈمنىڭ تۇغۇت ئۈستىدە، قېيىن ئانىسىنىڭ ساقايماس كېسەلدە كەينى-كەينىدىن قازا قىلىشى سەمەرگە قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ، جانا بۇۋىنىڭ ئادەتتىكى ساراڭ، ئازغۇن ئەمەس، بەلكى خۇدا ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن ئۇلۇغ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندى ۋە ئۆز ھاياتىدىن، رەيھانەمدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولدى، ئېتىقادى تۈپتىن ئۆزگەردى، رەھىمسىز ئاتېزىمچى، ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىست، ماركسىزم-لېنىنىزمغا چەكسىز سادىق بىر كوممۇنىست، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خۇداكۆيى دىندارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلىرى موللا، قارى، سوپى-ئىشانلارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇش، ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى، جانا بۇۋىنى كۆرسە تىزلىنىپ باش ئۇرۇشقا تاس قالاتتى. بۇ ئىش رەھبەرلىكنىڭ، كەڭ ئاممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. رەيھانەم تۇغۇپ قىزى خالىدەم تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ناھىيىدە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدى. مۇئاۋىن ھاكىم بولۇش ئېھتىمالى يېقىنلىشىپ، تەشكىل ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئىپادىسى، تۆھپىسى... قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ باھالاۋاتقاندا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، سالاھىيىتىنى يوقىتىپ، چۈشكۈنلىشىپ دىن يولىغا كىرىپ قالغانلىقى ۋە بۇ يولدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاجايىپ-غارايىپ كۈلكىلىك پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن پىكىرلەرنى بەردى، پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىشتى.

ھەرىكەت ئاخىرىدا پارتىيىنى تەرتىپكە سې-
لىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇنىڭ-
غا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش
جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى. بەخت قۇشى
ئۇچۇپ كەتتى. جانا بوۋىنىڭ نەچچە ۋاقىت-
تىن بېرى: «سەمەر دېگەن رەسۋا كۇدى،
شەرمەندە كۇدى، ھوش... ھوشىشاڭ-ھوش!»
دەپ يۈرگىنى راست بولۇپ چىقتى. سەمەر
تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندى، ئۇنىڭ يۇقىرىغا
ئۆرلەش ئارزۇسى مەڭگۈ رېئاللىققا ئايلانماي-
دىغان قۇرۇق خىيالغا ئايلانغانىدى، ھازىر-
قى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشمۇ بىر مەسىلە
ئىدى. شۇلارنى ئويلاپ قاتتىق ئازابقا چۆك-
كەن سەمەر يەنە ئەقلىنى ئىشقا سالدى،
بازار چېتىدىن بىر يېرىم مو يەر ئىگىلەپ
18مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ مۇشۇ ھەشەمەت-
لىك قورۇ-جاينى سالدى-دە، كۆچۈپ كېلى-
ۋالدى ھەمدە كېسەللىك ئەھۋالىنى باھانە
قىلىپ مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە
چىقىۋالدى.

-ھوش، ھوش، خانىم كەلدى، ھوش-
ھوشىشاڭ...!

سەمەرنىڭ زەئىپلەشكەن روھىي دۇنياسى
ئازابلىق خىياللار ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇل-
غاندەك بولدى، لېكىن، قەلبى يېڭىدىن-يېڭى
تەشۋىشلەرگە ھامىلدار ئىدى. «جانا بوۋى،
ئاھ جانا! ماڭا تىنچلىق، ئاراملىق بېرەمسەن-
يوق!» سەمەر دەرۋازىنى تاقىۋالاي دېدى-
يۇ، بۇ پىكىردىن يالتايدى، جانا بوۋى
دەرۋازىنى مۇشتلايدۇ، ئاچمىسا قارغايدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە: «خانىم كەلدى» دەۋاتىمدۇ؟

جانا بوۋىنىڭ ئۇچىسىدا رەيھانەمدىن
تارتىۋالغان 160كويلۇق سارجا كاستۇم-يۇپ-
كا بار ئىدى، چاچلىرى ھېلىھەم چۇۋۇق،
ئىشتانسىز، پايپاقسىز... قولىدا چامادان،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەيھانەم يەنە بىر چاما-
داننى كۆتۈرۈپ كىردى، كۆزلىرى
يىغىدىن ئىششىغانىدى، قورقۇپ-
تىترەپ تۇراتتى. جانا بوۋى چامادانىنى
سۇپىغا قويدى-دە، سەمەرنىڭ ئالدىغا
دۈمىلەپ كەلدى:

- ھەي توڭگۇز! خانىمىڭ ياماتلاپ
ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىكەن.
قايتۇرۇپ كەلدىم، - جانا بوۋى مەنىلىك
ھىجايدى، - قويۇۋېتەي دېدىڭمۇ-يا؟
ئالدىرىما، قويۇۋېتەمگۇ
- قويۇۋېتىمەنگۇ بەرىبىر، ئۇ
نەۋاق ھاجىنىڭ قوينىغا كىرىپ بولغان، ھۇ
شەرمەندە كۇدى... ھوش...!

ئەۋلىيانىڭ بۇرۇن قىلغان گەپلىرى،
قارغىشلىرى راست چىقىۋاتقان تۇرسا،
بۇ گېپى يالغان بولامدۇ؟ ھېلىقى چاغدا
كېسەلخانا كارىدورىدا...

- ئاھ، خۇدا!- سەمەر قاتتىق ئاۋازدا
نالە قىلدى،- جانا سەن ھەر قېتىم يۈرە-
كىمگە بىر پارچىدىن مۇز تاشلايسەن، مېنى
ئەقلىمدىن ئازدۇرىدىغان بولدۇڭ!... خۇدا...
ئاھ، خۇدا...!

- ماڭىمۇ خۇدا بار،- رەيھانەم قوشۇمى-
سىنى تۈرۈپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن
ئاچچىق بىلەن دېدى، - بۇنىڭ گېپىگە ئىشەن-
مىسىلە، مەن مەكتەپكە كېتىۋاتقان...
سىلى...

سەمەر يۈرىكىدە پەيدا بولغان ئېغىر
سانجىقتىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كىرپىدەك
تۈگۈلۈپلا قالدى، خېلىدىن كېيىن ھاسىراپ
نەپەس ئالدى ۋە بوش، يېلىنىش ئاھاڭىدا
دېدى:

- جانا، گۈلۈم، چىرايلىق خېنىم، رەي-
ھانەمنىڭ كىيىملىرىنى بەرگىن، ساڭا ئۆيدە
رەخت بار، تىككۈزۈپ بېرەيلى...

-بۇنى كىيسەم نېمە بوپتۇ، ھەققىم
يوقمىكەن؟- جانا كۈلدى، ئۇزۇن يىللىق
روھىي ئازابتىن پۈرۈشۈپ كەتكەن يۈزىدە

شادلىق ھېسلىرى جىلۋە قىلدى، بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرى قىسىلدى، قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا، ئەگمە قاشلىرى لىپ-لىپ قىلىپ ئويناپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇ چاچلىرىنى چىرايلىق تارىسا، پايپاق، تۇپلىەي كىيسە... سەمەر تۇنجى كۆرگەن، يۈرىكىنى ئىشىق ئوتىدا كاۋاپ قىلغان 16 ياشلىق سەھرا گۈزىلىنىڭ ئۆزىلا بولاتتى، — سەن توڭگۇز مېنىڭ بەختىمنى قارا قىلدىڭ، ھە، يەنە ئاغزىڭنى ئاچىدىغان بولساڭ... سېنى ...!

سەمەرنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى، يۈرەك سانجىقى قايتا قوزغالدى، نەپسى قىيىنلاشتى، جانابۇۋى غايىب بولدى.

— رە ... رەيھانەم... دو ...دوختۇ...!

بۇ ئاۋاز سەكراتتىكى كېسەلنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئازابلىق ئېڭراشلىرىغا ئوخشايتتى. رەيھانەم جانابۇۋىنىڭ سۆزلىرىدە قانداقتۇ ئېرى ئۆزىدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى، گۇمان... گويا بىپايان بوشلۇقنى قاپلاپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتتەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى، سەمەر تېخىچە ئۈستەلگە چاپلىشىپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇلغانىدى.

— ئۇنىڭ بەختىنى سىلى قارا قىلغانمۇ؟— رەيھانەم ئېرىنىڭ دولىسىنى نوقۇدى، — دېسىلە، ئۇ زادى سىلىنىڭ ...

ئۈستەل غىچىرلاپ سەمەر خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە گۈپپىدە غۇلاپ چۈشتى.

— ئاھ، خۇدالا— رەيھانەم تووۋلىۋەتتى، — مەخمۇتنى چاقىراي، ماشىنىنى... ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇنىڭ قولى... ئۇنىڭ قولى يوق تۇرسا، ماشىنا تاپسام بولاتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، سەمەر بىلمەيتتى، كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنىڭ ئەتىيازدىن بېرى يېتىپ داۋالانغان ياتاقتا ئىكەنلىكىنى بىلدى، رەيھانەم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. كارىدوردا جانابۇۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

—قوناق ساقىلى، بۇيا ئوغرۇقى ئەكەلدىم،— دېدى جانابۇۋى كىرىپلا،— خانىم، سەمەر تەنجاڭغا قايىنتىپ ئىچۈرسىلە، ھوش، ھوش... ئوت كەتتى! ئوت...

— ئۇ ھازىر يۈرەك كېسىلى، — رەيھانەم جانابۇۋىگە قارىدى،— بۇ دورىلىرى كار قىلمايدۇ.

— ھوش، ھوش... يۈرەككە ئوت كەتتى!— جانابۇۋى قەغەزگە ئورىۋالغان دورىلىرىنى تاشلىۋەتتى، — ھوشاڭ — ھوش! ئوت كەتتى! ھوش...

## 5

ئۇيقۇنىڭ غەربىي قاندەك قىزارغانىدى. باراڭدىكى يوپۇرمىقى پۇتىۋېتىلگەن مۇناقى ئۈزۈملەر شەپەق نۇرىدا مەرۋايىتتەك تاۋلىناتتى. ئىلى تورغىيى توپىرەك قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ قەپەز شادىلىرىغا زەرپ بىلەن ئۇراتتى.

كېپىنەك، كېپىنەك، كەلگىن جان دوستۇم ...

سەككىز ياشلىق خالىدەم باراڭ ئاستىدا ناخشا ئوقۇۋاتاتتى... سەمەر قىزىنىڭ چۈچۈك تىلىغا مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرغاچ يېنىدا جىم تۇرغان ئوغلى مەخمۇتنىڭ قولسىز ساڭگىلاپ تۇرغان يېڭىگە قاراپ ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتاتتى. سىرتتىن، خېلى يىراقتىن جانابۇۋىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

—ھوش! ھوشاڭا... ئوت كەتتى! ھوش...

خالىدەمنىڭ ئاۋازى ئۆچتى ۋە شۇھامان چىرقىرىغىنىچە ئايۋانغا قاچتى، مەخمۇت دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى، سەمەرنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى.

— ھوش، ھوش! خانىم قېنى؟ — جانا بوۋى ئالچاڭلىغىنىچە كىرىپ كەلدى.

كونا، نېپىز ئەترەك مايكىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسى، ئىنچىكە بېلى، قىسقا كۇسار ئاستىدىن تومپىيىپ چىققان كاسىسى... جانا بوۋىگە باشقىچە ھۆسن بېغىشلاپ تۇراتتى، تارالمىغان، قاپقارا بولۇق چاچلىرى ئەتلىنىپ قورۇقلىرى يوقىلىشقا باشلىغان يۈزىنى ۋە تولغان يەلكىسىنى يېپىپ تۇراتتى، يوتىلىرى، پاقالچاقلىرى سېمىز، ئاپئاق ئىدى، پەقەت يالىڭاچ پۇتلىرى كىر، مەينەت... «ئەگەر ئۇنى ئالغان بولسام... گۈلسۈمدىنمۇ، رەيھانەمدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن بۇ كاساپات... مانا ئەمدى ئەۋلىيا بولۇپ مېنى خاراب قىلىپ...»

— خانىم قېنى؟ تۈنەككە ئاپىرىمەن.

جانا بوۋى سەمەرگە قاراپمۇ قويماستىن ئۇدۇل ئايۋانغا ئاندىن ياتاق ئۆيگە كىردى. رەيھانەم ئاشخانا ئۆيدە ئىدى. گاز ئوچاقتىكى كاسترولكىنا كىژىلداۋاتاتتى. رەيھانەم سەي ئادالاۋاتاتتى، جانا بوۋىنى كۆرۈپ ئېسىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قالدى. جانا بوۋى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنى ھويلىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقتى.

— تۈنەككە بارىمىز، ماڭسىلا خېنىم.

رەيھانەم قورقۇپ لاغ - لاغ تىترەيتتى، تۈنەككە بېرىشنى رەت قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى.

— بوۋىم، كىمنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان تۈنەك ئۇ؟

جانا بوۋىنىڭ بولاقتەك تىنىق كۆزلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولدى، قاشلىرىنى پىر-پىر ئۇچۇرۇپ، كۆزلىرىنى غەلىتە بىر قىلىق بىلەن قىسىمىۋېدى، رەيھانەم يېنىك تىن ئالدى ۋە جانا بوۋىگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن جانا بوۋى يەنە قايتىپ كىردى.

— ھوشتاك - ھوش! سەمەر تەنجاڭ قېنى سەن؟ ئوت كەتتى! ئوت كەتتى! ھوش! سەمەر ... قېنى؟

— جانا، مانا مەن، — سەمەر تىترەپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى، — تۈنەككە بارىمىزمۇ؟ رەيھانەم...

— نەدىكى تۈنەك ئۇ؟ ھوش، خانىمنىڭ ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ دۇكىنىغا كەتتى، پۇتۇشمەكچى، ھوشتاك - ھوش، ئوت كەتتى.

— جانا، سەن، — سەمەرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ بەغۇزىغا قاپلىشىپ قېلىۋاتاتتى، — جانا، بۇ... گېپىڭ...

— گېپىم راست، توڭگۇز، — جانا بوۋى كېلىپ سەمەرنىڭ قولىدىن تارتتى، — قوپ ئىككىمىز توي خېتى ئالىلى، مېنى ئال، قارا بەختىم ئېچىلسۇن، ئۆي - ماكانلىق بولاي، تۇغاي، يۈرە...

— جانا چاقچاق قىلما! — سەمەر ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى، — مەن قېرىدىم، ئىككى باشلام بالام بار، رەيھانەم... مېنى ئۇنداق بوزەك قىلما، تە... تەشكىل ئىككى خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، قانۇن بار، قانۇن...

— ئالمايمەن دېمەكچىمۇ؟ مەندەك ساراڭنى ئالمايسەن شۇنداقمۇ؟ مېنى ئالدىغاندا، نومۇسۇمنى بۇلىغاندا، تاشلاپ كەتكەندە ساڭا قانۇن يوقمىدى! مەن ساراڭنى ئالمامسەن؟

— ياق، سەن ساراڭ ئەمەس، سەن ئەۋلىيا، ئۇلۇغ ئەۋلىيا، مەن بولسام ... سېنىڭ...

— توغرا، سەن مېنى ئۇلۇغ ئەۋلىيا قىلىپ قويدۇڭ، — جانا بوۋى سەمەرنىڭ يېنىدىن

كەتتى، باراڭ ئاستىدىكى تار سەينادا پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى.— مەن ئەۋلىيا، هوي توڭگۇز، سەن قاچان بىزنىڭ دادۇيگە خىزمەتكە باردىڭ، هوش، شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئەۋلىيا بولغان، هوش، هوششاڭ، ئوت كەتتى! هە، شۇ كۈندىن باشلاپ ئەقلىمنى ئالدىڭ، كىرگۈمنى ئۇتتۇڭ، مۇھەببىتىمنى ئوغرىلىدىڭ، هوش، هوش! كۆيدۈم، دېدىڭ، يىغلىدىڭ، داداڭ موللا، داخان، قالپىقى بار ئۇنسۇر، جىن - شەيتان، دۈشمەن، دېدىڭ، هوش... سېنى ئاياپ، تەشكىلدىن گەپ كەلمىسۇن دەپ ئۆزۈمنى تارتتىم، كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدىم، كېيىن... جانان، جانا بۇۋى، جانانگۈل مەن بولالمىدىم، داداڭ نېمە بولسا مەيلى، سىياسەتكە توغرا كەلمىسىمۇ مەيلى، يامىنى كەلسە پارتىيىلىكتىن ئېلىۋېتىلسىمۇ، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرەر، سېنى ئالغىنىم ئالغان، دەپلا چاپلاشتىڭ، يېلىندىڭ، يىغلىدىڭ، هوش، هوش، ئوت كەتتى!— جانا بۇۋى پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى بىلىكى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.— هوش، ئاخىرى، سەن توڭگۇزنىڭ نالىسىگە چىدىمىدىم، ئۆزۈمۇ شۇنى كۈتەتتىم، هوش، هوش... باغرىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئىش ئوخشىدى... خىزمىتىڭ تۈگىدى، كەتتىڭ، كېلىمەن، توي قىلىمەن، ناهىيىگە ئەكىتىمەن، دېدىڭ، نەدە، ئىككىنچى قارىڭنى كۆرسەتمىدىڭ، هوش... ناهىيىگە كەلدىم، ئىزدىدىم، ئۈرۈمچىگە كەتتى، دېيىشتى. بويۇمدا قالغانىكەن، قورساق يوغىنىدى، موللا دادام، داخان دادام، جىن - شەيتان دادام، هوش، هوش قالپىقى بار دادام ئۆيگە قاۋاپ، تورۇسقا پۇتۇمدىن ئېسىپ ئۇردى، قارغىدى، «ساراڭ» دەپ قارغىغانىدى، تاياققا، ئاھانەتكە چىدىماي قاچتىم، هوش، نەگە قاچاتتىم، مازارغا، شامگۇر

ماكان بولدى، هوش... ئوت كەتتى! ئوت... هوي توڭگۇز، شۇ بالاڭنى مەن شامگۇر ئىچىدە تۇغدۇم، بالاڭ ئۆلۈك چۈشتى، قىينالدىم، جاندىن كەچتىم، جان چىقمىدى، ئۆيگە، يۇرتقا بېرىش هارام ئىدى، يۇرت كەزدىم، نان تىلىدىم، دىۋانىچىلىق قىلدىم. هوش، هوش! ئوت كەتتى! بىر يەردە نان، بىر موچەن پۇل، بىر ئەسكى كۆڭلەك بەرگەنلەر مېنى خالىغانچە سۆيدى، قۇچاقلىدى، كۆڭلىنى خۇش قىلدى. چىرايلىق، نومۇسچان، دىيانەتلىك قىز ئىدىم، سەن تاپتىن چىقاردىڭ. خەقلەر مېنى كۆزگە ئىلمىدى، بوزەك قىلدى، هايۋاندىنمۇ بەتەر هالغا چۈشۈپ قالدىم، خورلاندىم، دەريا - دەريا ياش تۆكۈۋېدىم، ئاھۇ - پىغانىمغا قۇلاق سالىدىغان ئادەم چىقمىدى. داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يۈرسەم خەق مېنى ساراڭ دېدى. قويۇندا قالغان خەستەك هەممە يەردە پىرقىراپ ئۇچۇپ يۈردۈم. ناهىيىگە كېلىپ تويۇقسىز سېنى كۆردۈم. هوش، هوش، ئوت كەتتى! هوششاڭ-هوش، سېنى كۆرۈپلا رەسمىي ساراڭ بولدۇم.— جانا بۇۋى ئايلىنىشتىن توختاپ بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.— هە... هەي توڭگۇز، شۇ چاغدا مەن 16 ياشلىق، بوستان چاچ، قەلەمقاش، ئاييۈزلۈك، غۇنچە بويلۇق قىز ئىدىم، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقاتتىم، بەرنا، لېۋەن، شوخ ئىدىم. جانان، جانا بۇۋى، جانانگۈل، دېسە، پۈتۈن مەھەللە تەۋرەيتتى، لېكىن دادامنىڭ مەسىلىسى... هوش... مانا 20 يىل ئۆتتى، 36 ياشقا كىردىم، 20 يىل جانا ساراڭ بولدۇم. سەن توڭگۇز ياشلىقىمنى، گۈلدەك چىرايىمنى، مۇھەببىتىمنى، بەختىمنى، هەتتا جانانگۈل دېگەن ئىسمىمنى... هەممىنى نابۇت قىلدىڭ، سەن راھەتتە ياشىدىڭ، مەنسەپ تۇتتۇڭ، باي بولدۇڭ، ئىناۋەت تاپتىڭ، يەنە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدەك بۇ ئۆيىڭنىمۇ سالىسەن، ئوت

كەتسۇن بۇ گۆرۈڭگە، ھوش... مەنچۇ، مەن نانسىز، پۇلسىز، ماكانسىز، ساراڭ بولۇپ يۈرۈۋەردىم. تووۋا... ساڭا ئۆزۈمنى تۇتتۇرۇپ قويغان گۇناھىم ئۈچۈن 20 يىل خانىۋەيران بولدۇم - يا؟ ھوش - ھوششاك ....- جانابۇۋى يەنە ئايلانغىلى تۇردى،- خوتۇنۇڭ- خانىمىڭ بۇزۇلدى، سەندىن چاندى، ئەمدى مېنى ئال، دېسەم لاتا چايناپ تۇرۇۋسىنا؟ توڭگۇز، مېنى ساراڭ چاغلاۋاتسەن تايىنلىق، بىلىپ قوي، ئۆزۈڭ ساراڭ، ھوش ...

جانابۇۋى قاتتىق كۈچىنىپ ھەركەت قىلغانلىقتىن، ھاسىراپ نەپەسى قىسىلىپ دەلدۈگۈپ يىقىلدى. سەمەرنىڭ تۇرقى مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن پېتى قېتىپ قالغان ...

— دا ... دادا!! دا ... ئوت!

خالىدەمنىڭ چىرقىراق ئاۋازى سەمەرنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ ئادەتلەنمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن ئىرغىپ تۇردى، ئاشخانىغا يۈگۈردى. رەيھانەم بايا گاز ئوچاقىنى ئۆچۈرۈۋەتمەيلا جانابۇۋىگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتكەنىدى، خالىدەم ئاشخانىدا ئويناپ يۈرۈپ گاز كونۇپكىسىنى قالايمىقان تولغىغان، يۇقىرى بېسىمدا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىققان گاز يالقۇنىدا كاسترولكىنىڭ سۈيى قايناپ - تېشىپ كەتكەن، يالقۇن كۆتۈرۈلگەن... سەمەر ھاپىلا - شاپىلا گاز تۈڭگىنى ياتاق ئۆيىگە، ئاندىن ئايۋانغا سۆرەپ چىقتى، گاز تۇرۇبىسى جايىدىن چىقىپ كەتتىمۇ ياكى ئۈزۈلدىمۇ... كۆكۈش يالقۇن ئۇلغىيىشقا باشلىدى، جۇپ ۋاسىلىق، گەجخا، نەقىشلىق، گۈلدار ئايۋان دەھشەت بىلەن كۆيۈۋاتقان يالقۇننى ئۆزىگە تارتىپ يۇتۇشقا باشلىدى... سەمەر قېچىپ چىقىشىغا گاز تۈڭگىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى...

كوچا چىراغلىرى يېنىپ تۇراتتى، كىنوخانا ئالدى ئاۋاتلاشقانىدى. جانابۇۋى «ھوش، ھوش، ئوت كەتتى!» دېگىنىچە كىنوخانا ئالدىغا كەلدى.

— جانا ساراڭ، مە، گازىر چاق.

— سەن ساراڭ، — دېدى جانابۇۋى پىر - پىر ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ،— مەن دېگەن جانانگۈل، ئوت كەتتى! ھوششاك...

— بۇۋىم، جانابۇۋىم، كاۋاپ يېسىلە.

— بۇۋىم، ئاۋۋال بىرنى سۆيۈپ قويسىلا، — كاۋاپچى كۈلۈپ بىر زىخ كاۋاپ تەڭلىدى،— سۆيمىسىلىمۇ مەيلى، مانا كاۋاپ.

— مەن تىلەمچىمۇ؟ مانا پۇل، — جانابۇۋى كۆسىرىنىڭ لېپىزىدىن قاتلىشىپ پۈرلىشىپ كەتكەن ئون كويلۇق پۇلنى ئېلىپ، كاۋاپچىنىڭ يۈزىگە ئاتتى، — بەش زىخ ياق ئون زىخ...

جانابۇۋى كاۋاپنى كۆتۈرگىنىچە كوچىغا يۈزلەندى، كاۋاپچى توۋلىدى:

— بۇۋىم، جانابۇۋىم ماۋۇ ئاشقان پۇللىرى...

— چوكىنىڭغا ئۇسما ئېلىپ بەر... ھوش، ھوش! ئوت كەتتى! ئوت...

جانابۇۋى دۇكاننىڭ ئىشىكىنى قاتتىق ئۇردى، ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى.

— ھەي ھاجى، ئىشىكىڭنى ئاچ دەيمەن، ھەرەمنى تەتۈر چۆرگىلىگەن...

خېلىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، دۇكان ئىچى يورۇق ئىدى، رەيھانەم دۇكاننىڭ بۇلۇڭىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەۋاتاتتى.

— ئۆيۈڭ كۆيدى خانىم، — دېدى جانابۇۋى كاۋاپنى ئابدۇكېرىم ھاجىغا بېرىۋېتىپ، — سەن بۇ يەردە ئويناپ... خانىم، كۆكگۈل دېگەن... ھوش، ھوششاك، ئوت كەتتى! خانىم...

— نېمە؟ — رەيھانەم چۆچۈپ ئورنىدىن
ئىرغىپ تۇردى، — جانا بوۋىسىم، ئەۋلىيا
نېمە دەۋاتىلا؟
— ماڭ ئۆيۈڭگە... ھوششاك - ھوش!
رەيھانەم ئالدىراش چىقىپ كەتتى. جانا-
بوۋى كۈلەتتى، ئاۋازىنىڭ بارىچە قاقاقلاپ
كۈلەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئىلى تورغىيىنىڭ
چەرخ ئۇرۇپ سايراشلىرىغا، بۇلبۇل ناۋاسىغا،
شارقىراتمىنىڭ شوخ ئاۋازىغا، مىڭلىغان
مۇزىكانت بىرلىكتە ئورۇنداۋاتقان بۈيۈك
سىمفونىيىگە ئوخشايتتى.
— ھاجىم، — جانا بوۋى كۈلكىسىنى
توختىتىپ كاۋاپ يەۋاتقان ھاجىغا تىكىلدى،—
پۇلۇم نەچچە كوي بولغاندۇ؟
— ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز كوي.
— بەرسىلە.
— نېمە قىلىدىلا بوۋىم؟
— تويلۇق ئالىمەن.
— كىمگە؟
— ئۆزۈمگىچۇ؟ — جانا بوۋىنىڭ كۆزلىرى
غەزەپتىن ياندى، — ئۆمرۈمدە، ھېچكىم ماڭا
تويلۇق ئېلىپ باقمىغان، ئۆزۈمگە ئۆزۈم
ئالىمەن.
— پۇللىرى بانكىدا، — ئابدۇكېرىم ھاجى
ھەيران بولۇپ ئىچ يانچۇقىغا قولىنى
سالدى، — مانا، ئۇنىڭ چېكى.
كۆكتە تولۇنئاي كېزەتتى، جانا بوۋى
قولىدىكى پۇل چېكىنى پۇلاڭلىتىپ كوچا
بويلاپ يۈگۈرۈپ ۋارقىرايتتى:
— توي قىلىمەن، ھوش، ئوت كەتتى! مەن
جانانگۈل، ھوششاك - ھوش...!

## 6

مەشتە باينىڭ كۆمۈرى گۈرۈلدەپ كۆي-
مەكتە. قاپقارا، بولۇق چاچلىرى ئۈستىدىن
ئىمپورت قىلىنغان جىگەررەڭ گۈللۈك قېلىن
ياغلىق ئورىۋالغان، يۇڭ پۇپايكا، گۈللۈك
چىكىت گۈللۈك سوكنو كاستيۇم - يوپكا
ئۈستىدىن پاختەك تۈكى سارجا پەلتۇ كىي-
گەن جانانگۈل مەش يېنىدا ئولتۇراتتى.
ئۇ، قوللىرىنى ھەر بىر مىدىرلاتقاندا سول
قولىنىڭ بارمىقىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك ۋال-
ۋۇل چاقنايتتى، پۇتلىرىنى پات - پات
مىنگەشتۈرگەندە ئۇزۇن قونجىلىق قارا خۇرۇم
ئۆتۈكىنىڭ زەنجىر - ھالقىلىرى جىرىڭلاپ
بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز چىقىراتتى، كۆز
قۇيرۇقلىرىدىكى بىر قاراشقا كۆزگە روشەن
كۆرۈنمەيدىغان ئۇزۇن يىللىق سەرگەردان-
لىقنىڭ ئازابلىق يالدامىسى — قورۇقلارنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، جانانگۈلنىڭ گۈزەللىكى
ياش چېغىدىكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەت-
مەيتتى.
— يەنە نېمە ئالدىلا بوۋۇم؟ — دېدى
ئابدۇكېرىم ھاجى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ
كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل قەددى-
قامىتىگە، جىپسا كەلگەن ئۆركەم، يارىشىم-
لىق كىيىملىرىگە، قايتىدىن تولۇشقا باشلى-
غان گۈزەل چىرايىغا قىزىقسىنىش، سۆيۈنۈش
ئىلكىدە قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.
— مېنى بوۋىم دېمىسىلە، ئۆتكەندە ئېيت-
تىمغۇ، مەن ھازىر جانانگۈل، جانان...
— ھە، جانان... گۈل. ئەجەپ چىرايلىق
ئىسىم - ھە؟
— ئۆزۈمچۇ؟
— پەرىشتىنىڭ ئۆزى.
— ماختىغانلىرىغا رەھمەت، — جانانگۈلنىڭ
زىنناقلىرىدىكى شادلىق جىلۋىلىرى
قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن سىرغا يېنىك
تەۋرىگەندە چاقنىغان نۇر بىلەن قوشۇلۇپ،
ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىغا تېخىمۇ يارقىن،
پارلاق نۇر بەخش ئەتتى، — يەنە نېمە ئالدىلا
دېدىلىمۇ؟ مانا، ماۋۇلارنىمۇ ئالدىم.

جانانگۈل پەلتوسى بىلەن كاستۇمى ۋە پۇپايكىسىنىڭ ياقىلىرىنى بىرا قىلاقايرىۋېدى، قىپقىزىل ئوتقاشتەك مارجان، كۆپكۆك زۇمرەتتەك بۇلاپكا، مېدالىئون... ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار بوشلۇقتا يىلاندەك سويلاپ يالتىراپ كەتتى.

— پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ بولدۇم، تويلۇق ئالدىم.

— تويلۇق! — ئابدۇكېرىم ھاجى ئالدىدا ئولتۇرغان ساراڭغا — ئەۋلىياغا، ھازىرقى ساھىبجامال جۇۋانغا قاراپ ھاياجان ئىچىدە نېمىنىدۇر دەپ پىچىرلىدى، كۆزلىرى ئۇنىڭغا مىختەك قادالغانىدى.

— جانانگۈل، — ئابدۇكېرىم ھاجى بىر ھازادىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — مەن... مەن... مۇنداق بىر تەلەپىم... ئىككىمىز... ھە، دېمەكچى، مەن سىلىگە ئون مىڭ كوي خەجلەپ توي...

دۇكان ئىشىكى تىرىقلاپ ئېچىلدى، رەيھانەم كىردى، ئۇ، ھاجىغا چۈشلۈك تاماق ئەكەلگەنىدى.

— كەلسىلە، — ئابدۇكېرىم ھاجى ئوڭايسىز ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى ۋە مەشنىڭ ئالدىغا يەنە بىر ئورۇندۇق قويدى، — كەلسىلە خانىم، مەشنىڭ ئالدىغا كەلسىلە... تالا سوغۇق.

— تونۇمايۋاتاملا خېنىم؟ — جانانگۈلنى كۆرۈپ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي مەڭدەپ تۇرغان رەيھانەم دەررۇ ئېسىنى يىغىپ پۇكەينى ئايلىنىپ مەشنىڭ ئالدىغا كەلدى، — مەن جانا ساراڭ شۇ.

— ۋوي... ي، مۇبارەك بولسۇن، بوۋۇم، سىلى باشقىچە... ئۆڭلىنىپ...

— شۇنداق، ئەسلىدە ئۇ، چىرايلىق قىز ئىدىم، سەمەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى مېنى 20 يىل ساراڭ قىلدى، ئەۋلىيا قىلدى، ئەمدى ئەسلىگە كەلدىم. دېمىسىمۇ، مەن ساراڭ ئەمەس ئىدىم، مەجبۇرىي ساراڭ بولغانىدىم. ئەمدىچۇ؟ كۆپىنچە ئاياللار ئۆز غالىبىيىتىدىن مەمنۇن بولۇشىدۇ، مەن بولسام ئۆزۈمدىكى جاپا — مۇشەققەت ئىچىدە چېنىققان روھتىن، جاسارەتتىن پەخىرلىنىمەن.

— ئۆيىمىز كۆيگەن كۈنى كېچىدە سەمەر سىلى توغرۇلۇق ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەن.

— دېمەكچى، ئۇ توڭگۇزدىن قۇتۇلدىلىمۇ، — سورىدى جانانگۈل.

— شۇ ۋاقىتتىلا قۇتۇلغان. شۇندىن كېيىن ئۇ بارا — بارا ئاز — مۇز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت ئۇنى قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا داۋالىتىشقا ئاپاردى، پايدىسى بولمىدى، كېيىن راستىنلا تېلىشىپ قالدى.

— ھا ... ھا ... ھا ...! — جانانگۈل كۆكسى چىڭقىلغۇدەك قاتتىق كۈلدى، — خانىم، سىلى بۇ دۇكانغا دائىم كېلىۋالىدىكەنلا، تېخى ھاجىمنىڭ قويىنىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قاپلا. بايا تېخى ھاجىم ماڭا، تويىغا 10 مىڭ كوي خەجلەپ رەيھانەم خانىمنى ئالىمەن، كېيىن ھەج قىلدۇرۇپ كېلىمەن، دەۋاتىدۇ. خۇدايىم ئىككىلىرىنىڭ رىسقىنى قوشقاي.

— جا ... جانان... گۈل، بۇ... بۇ ...، — ئابدۇكېرىم ھاجى سۆزىنى دېيەلمەي خاۋاتىرلىنىپ بېشىنى قاشلىغىلى تۇردى.

— ئاغزىلىرىغا ناۋات، — رەيھانەمنىڭ تال — تال كىرپىكلىرىدە شادلىق يېشى يالتىرىدى، — سىلى ئەۋلىيا، ئاغزىلىرىدىن نېمە گەپ چىقسا، ئەمەلىيەتتە شۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ. تويۇم بولغان كۈنى بوۋۇمغا بىر كىيىملىك رەخت قويىمەن،

www.uyghurkitab.com

— ئەرزىمەيدۇ، — دېدى جانانگۈل.

رەيھانەم مەكتىپىگە كەتتى، ئابدۇكېرىم ھاجى تېخىچە ھاياجىنىنى باسالماي ئولتۇراتتى.

— جانانگۈل، بايا مەن دېمىگەن گەپنى ... ھېچگەپ يوق، لېكىن ... مەن سىلىنى ... سىلىگە 10 مىڭ كوي ئەمەس، 20 مىڭ كوي خەجلەي، ئەمرىمگە ئۆتسىلە، ھەجگىمۇ سىلىنى ئاپارغۇم بار، بۇ گېپىم ... مەن ئۇچۇق ئېيتمىسام بولمايدىغان يەرگە كەلدىم.

— ھا، ھا، ھا ...، — جانانگۈلنىڭ قاتتىق ھەم مەسخىرىلىك كۈلكىسى دۇكان ئىچىنى زىلزىلىگە سالدى، — مېنى بەللا، مۇبادا رەيھانەم بىلەن توي قىلمىسىلا سىلىمۇ قارغىشىغا ئۇچرايلا ...

ئابدۇكېرىم ھاجىنىڭ يۈزى قەغەزدەك تاتىرىپ، كالپۇكلىرى دىر- دىر تىترىدى، مىڭ تەستە:

— سۇبھانالللا، مەن ئېزىپتىمەن، سىلى دېگەن ئەۋلىيا، ئەپۇ قىلسىلا، لېكىن ... سىلى قانداق بىر بەندىنىڭ قولىغا چۈشەرلا، شۇنى ئويلىسام ... ئىچىم ئۆرتىنىپ...

— مەنمۇ توي قىلىمەن.

— ك ... كىم ... بىلەن ... ئۇ ...

— ھايات بىلەن.

جانانگۈل مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئابدۇكېرىم ھاجى گويا سەبىي بالىلاردەك بىر قىياپەتتە جانانگۈلنىڭ ئارقىسىدىن ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى.

جانانگۈل نېپىز قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى. كوچىدا كېتىۋاتقانلار ئالىيىپتە كېيىنگەن، گۈزەل ئايالغا قىزىقىپ قاراشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جانابۇۋى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن.

— ھوشىشاك- ھوش! ئۇت كەتتى! ئەۋلىيا ئۇت ... ھوش!

جانانگۈل بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقاتقىلى تاس قالدى، قارىغا سەنتۈرۈلۈپ دەررۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. كوچىنىڭ باشىدىن ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

جانانگۈل يول چېتىگە ئۆتۈپ پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى ئېتىۋالدى، ياغلىقىنى قاشلىرىغىچە چۈشۈردى.

— ھوش، ھوش! ئەۋلىيا ئۇت! جانان ئۇت ... ھوشىشاك ...

ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، ئۇچىسى يالىڭاچ، يالىڭاياغ ... سەمەر غالجىرلاشقان ياۋا توڭگۇزدەك ھۆڭگىرىگىنىچە چىچاڭلاپ چاپقىنىچە يېقىنلاپ كەلدى، ئۇششاق بالىلار ئۇنىڭغا قار پومزەكلىرىنى ئېتىشاتتى.

— جانا سارىڭ يوقاپ كېتىۋېدى، ئورنىغا بۇ سارىڭ چىقىپتۇ- دە.

— ھەي، تىلىڭغا يارا چىقىدۇ، جانابۇۋى سارىڭ ئەمەس، ئەۋلىيا، سارىڭ دېگەن نېمە، كۆردۈڭمۇ؟

كىشىلەر يەنە نېمىلەرنى دېيىشتىكەن، جانانگۈل قۇلاق سالمىدى. پەقەت ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە «ئەۋلىيا ئۇت! جانان ئۇت!» دېگەن سۆز جاراڭلايتتى. ئۇ، تام تۈۋىدىكى قار باسقان، تار، تېخى ھېچكىم ئاياغ باسمىغان يولدا ياقىسى، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى يېرىم يوشۇرغان ھالدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى.

1990- يىل 2- ئاينىڭ 24- كۈنى، ئاقتۇ



# ئىلى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ئابدۇقەييۇم خوجا

ئاپتوردىن:

گۈزەل ئىلى ۋادىسىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەۋرىمىزگە قالدۇرغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ئىلى ۋادىسىدا ياشاپ، ئاۋۇغان ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەر قايسى مىللەت ۋە خەلقلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەنىدى.

ئىلى ۋادىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرى (يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى)دىن ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ سىپتە تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى تۇرالغۇ ئىزلار؛ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز دىن - ساق، ئوغۇز، ھون، ئۇلۇغ ياۋچى، تۈرك (قەدىمكى ئۇيغۇر)، ئۇيسۇن قاتارلىق قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ چوڭ-كىچىك قەبرە ۋە قەبرىگاھلىرى؛ ھەر خىل مەزمۇندىكى قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى؛ تاش ھەيكەل (بالبال) ۋە سىنتاشلار؛ قەدىمكى كارۋان يولى (ئات يولى - يىپەك يولى)نىڭ ئىلى ۋادىسىدىن ئۆتىدىغان تارماقلىرىدىكى جام - ئۆتەڭلەر؛ قەدىمكى شەھەر -كەنت، قەدىمكى قەلئە، قورغان، سېپىللارنىڭ خارابىلىرى؛ قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن)، سوغدى، سۈرىيە، ئەرەب، پارس، چاغىتاي يېزىقلىرىدا پۈتۈلگەن تاش پۈتۈك، ئابىدە ۋە قەبرە تاشلىرى؛ خان - خاقان ۋە باشقا ئاتاغلىق زاتلارنىڭ تەۋەررۈك مازارلىرى؛ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش پۇللار، مىس يارماقلار؛ ئىلى ۋادىسىدا ئۆتكەن ئالىملار، ئەدىبلەر، تارىخچىلارنىڭ قىممەتلىك قوليازما ئەسەرلىرى ۋە باشقىلار ...



www.uyghurkitab.com

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرى ئاساسەن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى قەبرە، قەدىمكى شەھەر، قەدىمكى ئىز خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان، تېپىلغان خىلمۇخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، سانى، تىپى، ئالاھىدىلىكى جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ (ماقالىدا ئۇلاردىن ئاساسلىق بىر قىسمىلا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى). يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن: ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ باشلانغان جايى - ئۇلاستاي؛ مىللىي ئىنقىلابقا دائىر ھەر خىل ئارخىپ - فوتو سۈرەتلەر، قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇملارمۇ بار.

ئىلى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قەدەر سىستېمىلىق، پىلانلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى 1953- يىلدىن تارتىپ باشلاندى؛ شۇ يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى.

1958- يىلدىن 1988- يىللارغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئىلى رايونى تەۋەسىدە ئون نەچچە قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدىن تاشقىرى، موڭغۇلكۈرەدىكى شوتا يېزىسى، تېكەس، كۈنەس، نىلقا، توققۇزتارا، قورغاس، چاپچال ناھىيىلىرىدىكە جايلاشقان بىر قىسىم قەبرە، قەدىمكى ئىزلارنى بىر نەچچە قېتىم نۇقتىلىق قېزىپ تەكشۈردى ۋە رەتلىدى؛ ئۇ جايلاردىن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرگە ئائىت بىر مۇنچە قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپتى؛ تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى رەتلىنىپ تەتقىق قىلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم يادىكارلىقلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغاندىن تاشقىرى، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بەزى نادىر يادىكارلىقلار ياپونىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمىن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى؛ ئېنىقلانغان، تېپىلغان يادىكارلىقلار ھەققىدە بىر مۇنچە ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى، قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ۋە مەخسۇس تېمىلاردىكى ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى؛ بېيجىڭدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان مەخسۇس ئەسەر، كىتاب - ژۇرنال، رەسىملىك توپلام ۋە مەخسۇس تېلېۋىزىيە خەۋىرى، ھۆججەتلىك فىلىم قاتارلىقلاردىمۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ بىر قىسىم يادىكارلىقلىرى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى؛ بۇ ئارقىلىق ئېلىمىزدە ۋە خەلقئارادا تارىخ - ئارخېئولوگىيە، تىل، پەلسەپە، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي خادىملار، تەتقىقاتچىلار بىرىنچى قول ماتېرىيال، ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى كەسپىداشلىرىم بىلەن 1958- يىلدىن 1983- يىلغىچە شىمالىي شىنجاڭ (جۈملىدىن ئىلى ۋادىسى)دا ئالتە - يەتتە قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشتىم. بۇ قېتىم ئاشۇ تەكشۈرۈشلەردە ئۆزۈم يازغان خاتىرە، جەدۋەل؛ بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ ماقالىنى تەييارلىدىم. مەزكۇر ژۇرنال سەھىپىسىنىڭ ئىخچاملىق زۆرۈرىيىتىنى

كۆزدە تۇتۇپ، ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ
بارىچە يىغىنچاقلاپ، ئاساسەن يادىكارلىقلار-
نىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىتلىرىنى ئوقتى-
لىق تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندىم. نەشىر-
گە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك
خەرىتە، فوتو سۈرەتلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى
قوشۇمچە قىلدىم. بۇ ماقالىدا، ئومۇمەن ھا-
زىر قولىمىزدا بار بىر قىسىم نەق ماتېرىيال-
لار ئۈستىدە تونۇشتۇرۇش، تەھلىل، مۇھاكىمە
يۈرگۈزۈلدى. شۇڭا، بۇنى يەنىلا ئىلى ۋادىسى
ئارخېئولوگىيىسىنىڭ ئاز بىر قىسمى، دېيىش-
كىلا بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىم-
كى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بىلەن
ئۇ جايلاردىن تېپىلىۋاتقان قىممەتلىك يادى-
كارلىقلارنى ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسىغا ئوخ-
شاتساق، مېنىڭ تونۇشتۇرغانلىرىم ئۇنىڭدى-
كى بىر ئېرىق - شاخاپچىدىنلا ئىبارەت،
خالاس.

* * *

ئىلى ۋادىسىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تا-
رىخى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەت-
راپلىق - مۇپەسسەل چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ
قەدىمكى دىيارنىڭ گۈزەل تەبىئىي شارائىتى،
ئىقلىمى، تەبىئىي بايلىقلىرى ... ھەققىدە
قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىلى ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەر-
بىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 56
مىڭ 350 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.
بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلار 62 پىرسەنتىنى، تۈز-
لەڭلىك 18 پىرسەنتىنى، دۆڭلۈك (ئىدىر)، سۇ،
سازلىق ۋە ساي - چۆللۈكلەر 20 پىرسەنتىنى ئىگە-
لەيدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئىلى تەۋەسىگە
كەلگەندە شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۈچكە بۆ-
لۈنىدۇ. بۇ ئۈچ تاغ تىزمىسى ئارىسىغا دەريا
ۋادىسى ياكى شەرقىي قىسمى ئېگىز، غەربىي
قىسمى پەس، شەرقىي قىسمى تار، غەربىي
قىسمى كەڭ بولغان، بىر - بىرىدىن ھۆسن
تالاشقان گۈزەل جىلغىلار جۇغلانمىسى، ئۇ-
زۇنغا سوزۇلغان ئويمانلىق - مۇنبەت ئىلى
ۋادىسى جايلاشقان. تېكەس، كۈنەس، قاش
دەريالىرى مۇشۇ گۈزەل بوستانلىق جىلغىلار-
دىن ئېقىپ ئۆتۈپ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ياماتۇ
دېگەن يېرىدە قوشۇلۇپ، ئىلى دەرياسىنى
ھاسىل قىلىش بىلەن ئاخىرى بالقاش كۆلىگە
قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇن-
لۇقى 1500 كىلومېتىر (ئاپتونوم رايونىمىز
تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 441 كىلومېتىر) كېلىدۇ.

ئىلى تەۋەسىدىكى تاغلاردا كەڭرى كەتكەن
ھەر خىل ئورمان ۋە ئورمان بەلباغلىرى، يا-
يانىز يايلاقلار بولغاندىن تاشقىرى، ياۋا
مېۋە ئورمانلىقلىرىنىڭ ھازىرغىچە ئېنىقلان-
غان كۆلىمى 150 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. بۇ ياۋا
مېۋىزارلىقلار ئىلى تاغلىرىدىكى 60 نەچچە
جىلغىغا تارالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەلكە
تاغلىرى، ئاقسۇ جىلغىسى (داشىگۇ)، تۇققۇز
تارا ناھىيىسىدىكى موخۇر جىلغىسى، تېكەس،
كۈنەس ۋە نىلقا تاغلىرىدىكى ياۋا مېۋە ئور-
مانلىقلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ
ياۋا مېۋىزارلىقلاردا ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك،
ياۋا ياڭاق، ياۋا ئەينۇلا، ياۋا ئالۇچا
(گىلاس)، ياۋا ئامۇت، ياۋا جۈجۈلە، بۆلجۈر-
گەن، قارىقات، راۋغاچ، دولانە، زىرىق قاتار-
لىق ئوزۇقلۇقى مول ئېسىل مېۋىلەر بولغان-
دىن باشقا يەنە ياۋا كۆكتاتلاردىن: ياۋا پى-
ياز، ياۋا سامساق، ياۋا كۈدە ... قاتارلىق-
لارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا قۇلماق، قىزىلگۈل،
سوغىگۈل، قانتېپەر، ئۈچقات قاتارلىق دورا
ئۆسۈملۈكلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرى
100 خىلدىن ئاشىدۇ. ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر
16 ئۇرۇقداش، 40 نەچچە تۈرگە يېتىدۇ.
مۇنچىۋالا كۆپ خىل ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى

www.uyghurkitap.com

تەبىئىي گېن خەزىنىسى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ، دىيارىمىزدىكى ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ كې-لىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا، بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىلى ۋادىسىدىكى تاغ - جىلغىلاردا يەنە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن: قاراتايغان بۇغا، سېرىق تۆلكە، يىلپىز، ئېيىق، بۆرە، جەرەن، غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى، ياۋا ئۆچكە (كۆكمەت)، سۇ بۇلغۇنى، بۆكەن قاتار-لىقلارمۇ بار. ئىلى ۋادىسى، ئۇلۇغ ئانا دەريا-ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ مۇنبەت تۈپرىقى، بىپايان يايلاق، تاغ - جىلغىلىرى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق خىسلەتلىك تەبىئىي شارائىتى بىلەن بۇ زېمىندا ياشىغان ئىپتى-دائىي ئىنسانلارنى، ئەجدادلارنى مۇھىم ھاياتە-لىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلگەن.

ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى مەدە-نىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئارخېئولوگىيە-لىك ماتېرىياللار - قەدىمدىن تارتىپ بۇ زې-مىندا ياشىغان ساق، ھون، ئۇغۇز، تۈرك، ئۇ-لۇغ ياۋچى، ئۇيسۇن قاتارلىق قەبىلە ۋە قە-بىلە ئىتتىپاقلىرىغا ئۇيۇشقان ئەجدادلىرى-مىزنىڭ يالغۇز ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچى-لىق بىلەنلا تۇرمۇش كەچۈرۈپ قالماستىن، بەلكى شارائىتى يار بەرگەن جايلاردا تۇراق-لىق رايوندىكى دېھقانچىلىق، تۇراقلىق كۆ-لەمدىكى مال - چارۋىچىلىق، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار بىلەنمۇ شۇغۇللان-غانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ئىلى ۋادىسىدا يا-شىغان ئەجدادلىرىمىز دۇنيانىڭ باشقا جاي-لىرىدىكى جامائەت - قەبىلىلەر، قەبىلە ئىتتى-پاقلىرى ۋە مىللەتلەرگە ئوخشاشلا جەمئى-يەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىنى ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىگە خاس مە-دەنىيەتنى بەرپا قىلىش - تەرەققىي قىلدۇ-رۇشقا قادىر بولغان. ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۆز ئەجدادلىرى مەدە-نىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتلىرىدىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە قوشنا ئەللەر بىلەن بول-غان سودا - سېتىق، بېرىش - كېلىش، ئۆز-ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۇلاردىكى مۇھىم ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلغان...

## ئاقتۆپە قەدىمكى ئىزى

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىي تەخمىنەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئاقتۆپە مەھەللىسى(ئاق-تۆپە مازىرى)دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. ئاقتۆپىنىڭ غەربىي نوغايتۇ غولىغا، شەرقىي پەنجىم غولى، ئۇنىڭدىن ئۆتسە پەنجىم يېزى-سى، تۇرپانيۈزى، جىرغىلاڭ غولى، جىللىيۈزى، چولۇقاي غولى ... ئاخىرى ئابىرال تېغىغا تۇتىشىدۇ.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى نۇرمۇھەممەت ئىسىملىك دېھقان ھازىرقى ئاق-تۆپە مەھەللىسىنىڭ تاغ باغرىدىكى مەلۇم جايىدىن بىر قەدىمكى قەبرىنى ئۇچراتقان، ئۇنىڭدا بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان ئادەم سۆڭەكلىرى بولغانىدىن تاشقىرى قەبرە ئەترا-پىدىن تاش كەتمەن (ساپ بېكىتىدىغان تۆ-شۈكى بار)، تاش يانچىغۇچ، تاش پالتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قورال، سالغا تاش قاتارلىقلارنى تاپقان. قەبرىدىكى مېيىت سۆڭەكلىرىنىڭ بۇزۇلماي ساقلانغانلىقىنى كۆرگەن بۇ دېھقان ئۇنى ئەسلى قەدىمكى زا-مانلاردا «شېھىت» بولغان ئادەملەرنىڭ جەسىتى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بۇ ئەھۋالنى يۇرت ئەھلىگە مەلۇم قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ-چىلىك بۇ يەرگە قايتىدىن قەبرە تۇرغۇزۇپ، ھازىرقى «ئاقتۆپە مازىرى»نى ياساپ، بۇ مازارنى ئۇلۇغلىغان. تېپىلغان تاش قورال-لارمۇ «مۇبارەك تاش»دەپ قارىلىپ «ئاقتۆپە مازىرى»دا ساقلىنىپ كەلگەن.

1953- يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى»دىكى خادىملار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئاقتۆپىنى قايتا تەكشۈرگەندە، ئۇرمۇھەممەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن كىشى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان تاش قوراللارنى «ئۆمەك»تىكى خادىملارغا بەرگەن (ھازىر بۇ تاش قوراللار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تارىخىي كۆرگەزمىسىدە).

ئاقتۆپە مازىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان تاش قوراللار ئىلى ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ سىپتا تاش قوراللار بىلەن برونزا (تۇچ) قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن باسقۇچىغا ئائىت يادىكارلىقلار (بۇنىڭدىن 2500 — 4000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە خاس) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاقتۆپە — ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىنسانلار - ئەجدادلار ئولتۇراقلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ بىرى. جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاقتۆپە قەدىمكى ئىلىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە نوغايتۇ غولى، پەنجىم غولى، جىرغىلاڭ غولى، قازانچى غولى، چولۇقاي غولى ۋە بۆلۆكەي غولى قاتارلىق بىر مۇنچە ساي - جىلغا، غوللار جايلاشقان. بۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى — بۇ ساي - جىلغىلار تەبىئىي ھالدا تەلكە تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى (كۆنگەي تەرىپى)گە قاتار ئورۇنلاشقان بولۇپ، قەدىمكى ئىنسانلار، ئەجدادلار ياشاشقا ھەر جەھەتتىن قولايلىق، ھاۋاسى ئىللىق جايلار ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەر قايسى جايلاردىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان، قەدىمكى ئېپتىدائىي كەنت، قەدىمكى تۇرالغۇ ئىزلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن 100 نەچچە ئورۇندا تېپىلدى (يەنە داۋاملىق تېپىلىۋاتىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە بەزى قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان، تېپىلغان چوڭ تىپتىكى تاش قوراللار — تاش پىچاق، تاش ئورغاق، يارغۇنچاق، تاش كەتمەن، تاش پالتا، تاش ئوتىغۇچ، تاش بازغان، سالغا تاش قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ شەكلى، ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلگەن تاش ماتېرىيالى جەھەتتىن يەنىلا ئاقتۆپىدىن تېپىلغان تاش قوراللارغا ئوخشايدۇ.

## چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر، قەدىمكى مىس كان ئىزى ۋە ئۇلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، تېكەس، توققۇزتارا، چاپچال، غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى سۇيى ۋە ئوت - چۆپلىرى مول بىپايان يايلاقلارنىڭ ھەر قايسى بۆلۈك - پۇشقاقلىرىدىن ھازىرغىچە 10 مىڭدىن ئوشۇق قەدىمكى قەبرە (قەدىمكى قەبرىستانلىق)لار تېپىلدى. بۇلارنى ئۆزىنىڭ تارىخى، يىل - دەۋرى، ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، جايلاشقان ئورنى، ياسىلىش شەكلى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بىر نەچچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1- خىلدىكىلىرى — چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر ۋە ئۇلاردىن تەركىب تاپقان قەبرىستانلىقلار؛ بۇ خىلدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ ئۈستى كۆرۈنۈش شەكلى ئاساسەن يۇمىلاق بولۇپ، قەبرە بېشى زور مىقداردىكى توپا، يۇمىلاق ساي تاشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان. قەبرىلەرنىڭ دىئامېترى 20 — 90 مېترغىچە، تىك بۇلۇڭلۇق ئېگىزلىكى تۆت - ئون مېترغىچە بولۇپ، بەزى جايلاردا بەش - ئالتىسى، بەزى جايلاردا ئون نەچچىسى بىر - بىرىگە يانداش قاتار جايلاشقان. بەزى جايلاردا بۇ خىلدىكى بىر - بىرىگە يان-

www.uyghurkitap.com

داش قاتازلار بىر نەچچىگە يېتىدۇ. يېشىللىققا پۈركەنگەن بىپايان يايلاق - ئوتلاقلار، كۆزلەك ۋە قىشلاقلاردا ناھايىتى يىراقتىن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك قەبرىلەر ئەتراپىدىكى تاغ، ئېدىر، جىلغا، ئېقىن، ئورمان - ئوتلاقلار بىلەن قوشۇلۇپ بىر خىل ئالاھىدە ئارخېئولوگىيىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. (1- سۈرەتكە قاراڭ.)



(1- سۈرەت: موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى شوتا يېزىسىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرە)

قەبرە تۈزۈلۈشى ۋە دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى: 1) قەبرە ئىچى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك لەھەت بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانىدىكى قەبرىلەردە قارىغاي ياغاچلىرىدىنى بىر - بىرىگە كىرەچە قىلىپ قۇراشتۇرۇلغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرە ئۆيى بار؛ 2) بەزى قەبرىلەرنىڭ ئىچى يۇمىلاق ساي تاشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان تىك چاسا شەكىللىك لەھەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى يەنە بىر نەچچە يانداش ئۆي ياكى بۆلۈكچىلەرگە ئايرىلغان؛ 3) قەبرىلەر ئادەتتە ئائىلە، ئۇرۇق، نەسەبى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى، مەرتىۋىسىگە قاراپ ياسالغان. مەسىلەن، مەرتىۋىلىك، باي ئائىلە باشلىقلىرى، يۇرت ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق، ئالىي ھوقۇق تۇتقان خان - خاقان، سەركەردە، خانىش - مەلىكە، شاھزادە، ئاتاغلىق زاتلار، مەشھۇر قەھرىمانلار ۋە ئالىي نەسەبلىكلەرنىڭ قەبرىلىرى خۇددى مىسىردىكى «ئەلئەھرام» (پىرامىدا)لار چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتىن پەرق قىلىنغىنىدەك پەرقلىنىدۇ. ئوتتۇرا ھال تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ قەبرىلىرىمۇ پەرقلىنىدۇ.

ئىلى ۋادىسىدىن ھازىرغىچە ئېنىقلانغان چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ سانى 3 — 4 مىڭغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى: موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىدىكى بەزى قەبرىلەرنىڭ دىئامېترى 60 — 90 مېترغىچە، ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتر، لەھەت 4 × 4 × 6 مېتر كېلىدۇ. تېكەس ناھىيىسىنىڭ قاراجۇن، قارادالا، قاپسالاڭ دالىلىرىدىكى ھەيۋەتلىك قەبرىلەر، تېكەس ناھىيە سىنتاش - چىلئۆزەك يېزا قاڭغاي مەھەللىسى، چولاق تېرەك يېزا ئاقتام مەھەللىسى تەۋەسىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئىگىلىگەن مەيدانىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇ تۈردىكى قەبرىلەردىن يەنە كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، نىلقا - قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆمۈر ئەلى غولى، ئابرال تېغىنىڭ تۇتى داۋىنى، بوربۇسۇن غولى، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ئاغارسىن، جىرغىلاڭ، موخۇر قاتارلىق جايلىرى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ «سىرپۇنبۇلاق»، قورغاس ناھىيىسىنىڭ ساربۇلاق، سايرام كۆلى ئەتراپلىرىدىمۇ بار.

ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى بىر مۇنچە رايونلاردىمۇ ئوخشاش خىلدىكى ھەيۋەتلىك قەبرىلەر كەينى - كەينىدىن تېپىلىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلماقتا. مەسىلەن، قازاقىستان - ئالمۇتا شەھرىنىڭ شەرقىي 50 كىلومېتر يىراقلىقتىكى «ئېسىك دەرياسى» بويلىرىدا مەشھۇر «ئېسىك

قەبرىستانلىقى» بار بولۇپ، ئۈچ كىلومېتىر دائىرىدىگە 45 تىن ئارتۇق ئالاھىدە ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر جايلاشقان. ئېسسىك قەبرىستانلىقىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىدە يەنە بەش چاتىر، قارا كېمىر قەبرىستانلىقلىرى تېپىلغان. بۇ خىلدىكى قەبرىلەردىن يەنە چىلەك، چارىن، كېگەن، قارقارا دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا، قاراتال، ئاقسۇ، ئاياكۆز دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تاكى زايسان ئويمانلىقى ۋە بازىرىق (تاغلىق ئالتاي رايونى) دائىرىسىگىچە كۆپلەپ تېپىلغان.

1969 - ، 1970 - يىللىرى قازاقىستاندىكى «ئېسسىك قەبرىسى» قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، بۇ قەبرىدىن ئالتۇن كىيىم (كېپەنلىك) بىلەن كۆمۈلگەن شاھزادىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن ياسالغان ئالتۇن بويۇن ئاسقۇ قاتارلىق نەچچە مىڭ دانە ئېسىل ئالتۇن بۇيۇملار، كۈمۈش قوشۇق، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خەنجەر، قىلىچ، ساپال، ياغاچ ۋە مېتالدىن ياسالغان قاچىلار، كۈمۈش جام، مىس (برونزا) كۆزگۈ، ئېسىل تاش ۋە سەدەپتىن ياسالغان مارجان قاتارلىقلار تېپىلغان (بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى III - IV ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن). (2 - سۈرەتكە قاراڭ.)

ئىلى ۋادىسى تەۋەسىدە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان ھەيۋەتلىك ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر ئۆزىنىڭ سانى، زىچلىقى جەھەتتە يەتتە سۇ رايونى (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە بازىرىق - تاغلىق ئالتاي رايونىدىن تېپىلغان قەبرىستانلىقلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ كەمگىچە ئىلى ۋادىسىدىكى پايانسىز يايلاقلارغا جايلاشقان بەزى ھەيۋەتلىك قەبرىلەرگە قايسىبىر خاقان، خانزادە، سەركەردىلەرنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىغان بولسىمۇ، مەشھۇر ئىلى ۋادىسى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، ئارخېئولوگىيىلىك ئۇچۇرلار - ئەگەر بۇ ۋادىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئۇقتىملىق قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «ئېسسىك قەبرىسى»دىكىدەك ئاجايىپ قىممەتلىك مەدەنىيەتنىڭ تېپىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە.



(2 - سۈرەت: قازاقىستاندىكى «ئېسسىك» قەبرىسىدىن تېپىلغان ئالتۇن كىيىم (كېپەن)لىك شاھزادىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كىيىملىرى)

1983 - يىلى يازدا، كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئېگىز تۆپىلىق قەبرىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بىگتۇرەنىنىڭ كۆنەستىكى مەلۇم تۇەن - مەيدانى مۇشۇ قەبرىستانلىق جايلاشقان يەرگە خۇمدان سېلىش ئۈچۈن، بىر نەچچە قەبرىنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن تۈزلىگەن، نەتىجىدە، بىر نەچچە قەبرە ئۇزۇل - كېسەل ۋەيران بولۇپ، تەلىيىمىزگە بەزىبىر قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى (مىس ھەيكەل، ئۈچ پۇتلۇق مىس قازان، مىس پالتا قاتارلىقلار) باشقىلارنىڭ قولىدىن يىغىۋېلىنغان. ئۇقۇشىمچە، شۇ چاغدا مىس (برونزا) بۇيۇملار بىلەن بىللە يەنە ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ئېسىل بۇيۇملارمۇ توپا ئارىسىدىن چىققانىكەن، بىراق ئۇ نەرسىلەر تېپىلمىدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، توپا ئارىسىدىن يەنە ساپال پارچىلىرى، ئادەم ۋە ھايۋانات سۆڭەكلىرى قاتارلىقلارمۇ بايقالغان. تۆۋەندە، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قانچە مىس (برونزا) بۇيۇمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

(1) بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان يولۋاس سۈرەتلىك ۋە قاناتلىق غەلىتە ھايۋان سۈرەتلىك مىس بويۇن ئاسقۇدىن ئىككى دانە، ئۇلارنىڭ دىئامېتىرى 28 - 31 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىپ تۇرغان ئىككى يولۋاسنىڭ يۈزى، كالپۇكلىرى بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرغان، گەۋدىسى يۆگىشىپ دۈگىلەك شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، بۇ «ئېسىك قەبرىسى»دىن تېپىلغان ئالتۇن بويۇن ئاسقۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

(2) ھايۋان ئوبرازى قوندۇرۇلۇپ ياسالغان چوڭ چاسا مىس تاۋاق. چاسا مىس تاۋاقنىڭ تەگلىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تاۋاقنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قوندۇرۇلۇپ ياسالغان ھايۋان ھەيكەللىرىدىن ئىككىسىنىڭ ئوبرازى ساقلىنىپ قالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېكەس، موڭغۇلكۈرە، سوپۇنبۇلاق تەۋەسىدىكى قەبرىلەردىن پۇتىغا ھايۋان، ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ ياسالغان، تۆت پۇتلۇق چوڭ چاسا مىس (برونزا) پەتنۇس - تاۋاقلار تېپىلدى. بۇ خىلدىكى مىس بۇيۇملار ئۆز زامانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراقلار ۋە كاتتا زىياپەتلەردە ئىشلىتىلگەن.

(3) سەركەردە ھەيكىلى، مىستىن ياسالغان بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 40 نەچچە سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ. (3 - سۈرەتكە قاراڭ)



(3 - سۈرەت: كۆنەستىكى قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغان تۇچ (برونزا)دىن ياسالغان سەركەردە ھەيكىلى)

ھەيكەل قەددى - قامىتى كېلىشكەن، بەستلىك، قاڭشارلىق، يوغان ۋە چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، بېشىغا ئۇچى ئىلمەك ئېگىز قالپاق كىيگەن، بىر پۇتى بىلەن تىزلانغان، ئىككى قولىدا بىر نەرسە تۇتۇپ تۇرغاندەك (تۇتۇپ تۇرغان نەرسە يوقالغان) قىياپەتتە ناھايىتى ئوبرازلىق ياسالغان. ئۇ خۇددى خاقان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئىجازەت سوراۋاتقان باتۇر سەركەردە ئوبرازىغا ئوخشايدۇ.

ئىلى ۋادىسىدا تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر، يەتتە سۇ رايونى، تاغلىق ئالتاي رايونى تەۋەسىدىن ئېنىقلانغان چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات، قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمكى ساقلار (ساق قەبىلىلىرى)نىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ بىر قىسمى قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىلى يايلاقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئەجدادلاردىن ھون، ئوغۇز، ئۇلۇغ ياۋچى، ئۇيسۇن قاتارلىق قەبىلىلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق، بۇ نۇقتا بۇندىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تولۇق ئىسپاتلانغۇسى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتە سۇ رايونى بىلەن تاغلىق ئالتاي رايونى، پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، تەڭرىتاغلىرى ئەتراپلىرىدىن، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى جەنۇبىدىكى چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىلىرى، ئىلى ۋادىسى، كۈنەس - يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن تارتىپ تاكى ئارغۇغول (ئالغوي) جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىغىچە بولغان بۇ ئېسىل يايلاق رايونلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى مىڭ يىللىقلار (بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى) دىلا ساقلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي جايلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا. ساقلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم ئېتنىك تەركىب بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان تەڭرىتاغلىرى ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى بىلەن بارا-بارا سىڭىشىپ كەتكەن.

ساقلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك ئورنى، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىدا سۆزلەشكەنلىكى، تولۇق تۈركىي تۈس ئالغان بۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھونلارغا ئوخشاش بولۇپ، كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئايغا چوقۇنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ساق قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئاجايىپ ئېسىل يادىكارلىقلار ساق قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يۈكسەك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلسا، ئۇلارنىڭ خان - خاقان، شاھزادە، سەركەردىلىرىنىڭ قەبرە ئۈستى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، دەپنە بۇيۇملىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ موللىقى شۇ دەۋردىكى ساق پادىشاھلىرىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىدىن، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق خەلق ياكى مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ نامى تېخى ئەلگە تونۇش بولمىغان مەزگىلدىن، يەنى قەدىمكى رىۋايەت باسقۇچى ياكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىن باشلاش تارىخ پەنىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

ئۇقۇم. ئالايلۇق، رۇس تارىخچىلىرى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسەن، رۇس خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى رۇس نامى تارىختا مەلۇم بولمىغان ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن باشلىسا، خەنزۇ خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى، تارىخىنى خەنزۇ دېگەن نام تېخى مەلۇم بولمىغان ناھايىتى بۇرۇنقى ياۋ، شۈن، يۈ، يەن، خۇاڭ ۋە باشقا قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن باشلايدۇ. دېمەك مۇشۇنداق قىلىش، تارىخنى ئەنە شۇنداق باشلاش باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە تېگى - تەكتىنى، تارىخىنى ناھايىتى قەدىم دەۋرلەردىن، تارىختا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن باشلىغانلىقىغا، ھېچقانداق زىت كەلمەيدۇ.

ساقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا «خەنىنامە»، پارس(ئىران) ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە مۇھىم بايانلار بار. مەسىلەن، «خەنىنامە»، غەربىي دىيار تەزكىرىسى، ئۇيسۇنلار بابىدا: «... ئۇيسۇن دۆلىتى ... شەرقتە ھون، غەربىي شىمالدا كانگا (كاڭگۈي، كاڭجۈي)، غەربتە داۋەن (پەرغانە)، جەنۇبتا شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ (يەرلەر) ئەسلىدە ساقلارنىڭ زېمىنى ئىدى. ئۇلۇغ ياۋچىلار غەربتە ساق خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. ساق خاقانى شەندۇ (كۆكئارت)دىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ماكانلاشتى. كېيىن ئۇيسۇن كۈنبېسى ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، ئۇلۇغ ياۋچىلار يۆتكىلىپ، غەربتە داشىيا (باقتىرىيا)غا بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيسۇن كۈنبېكى ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ماكان تۇتتى. شۇڭا ئۇيسۇن دۆلىتىدە ساق قەۋمىمۇ، ئۇلۇغ ياۋچىلار قەۋمىمۇ ساقلىنىپ قالدى ...» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «خەنىنامە»نىڭ كەشمىر دۆلىتى بابىدا: «بۇرۇن ھونلار ئۇلۇغ ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار غەربكە بېرىپ باقتىرىيادا دەۋران سۈردى. ساق خاقانى جەنۇبتا - كەشمىردە دەۋران سۈرگەندىن باشلاپ ساق قەۋملىرى بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلار بىر نەچچە دۆلەت قۇردى. سۇلې (سۇللۇغ - قەشقەر)نىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەركەشتام، جۈندۇ (بۈگۈنكى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدە) دۆلەتلىرىنىڭ خەلقى ئەسلىدە ساق قەۋمىدىن ئىدى ...» دېيىلگەن.

يۇنان تارىخچىسى ھىرودوت ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەسىرى «تارىخ»تا: «... پارسلار بارلىق سىكتىيانلارنى ساقلار دەپ ئاتايدۇ... سىكتىيانلارغا تەۋە ساقلار بىر خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تىك، ھەم قاتتىق، ئۈستى تەرىپى ئۇچلۇق كېلىدۇ... ئۆز ئېلىدە ياسالغان ئوقيا ۋە خەنجەردىن باشقا، ئۆزلىرى سانگارىس دەپ ئاتايدىغان جەڭ پالتىسى ئىشلىتىدۇ ...» دەپ يازغان.

بىز يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن ساق قەبىلىلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلغان، ماكانلاشقان جايلىرىنى بىلگەندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ ناملىرى ھەر قايسى دەۋر ۋە ھەر قايسى مىللەتلەر تىللىرىدا خىلمۇخىل ئاتالغانلىقىنىمۇ بىلەلەيمىز. پارس مەنبەلىرىدە دېيىلگەن تىگراخائۇدالار (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساقلار مەنىسىدە) - ئەمەلىيەتتە شەرقىي ساقلار بولۇپ، ئۇلارنى يۇنانلىقلار «سىكتىيانلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلار كىيىنىش جەھەتتە ئۇچىسىغا ئۇزۇن (بەزىلىرى كالتە) چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا ھەر خىل ئۇچلۇق قالپاقلارنى كىيگەن. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان، كۈنەستىن تېپىلغان بېشىغا ئەگرى ئۇچلۇق، ئېگىز قالپاق كىيگەن قامەتلىك سەركەردىنىڭ ھەيكىلى - ئەينى

زامانىدىكى ساقلانغان تۇرقى، كېيىنكى ئالا-
ھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ قىممەت-
لىك ماددىي پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، 1960 ـ، 1970 ـ يىللاردا موڭ-
غۇلكۈرەدىكى شوتا، كۆنەس، تېكەس، سوپۇن-
بۇلاق (چاپچال) تەۋەسىدىكى ئېگىز تۆپىلىك
(چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى) قەبرىلەرنىڭ ئاز
بىر قىسمى قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ
دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى، ئاخىرەتلىك بۇ-
يۇملار تۆۋەندىكىچە بولغان: ئادەتتە قەبرى-
لەرگە بىر ئادەم، بەزىلىرىگە ئەر - ئايال
بىللە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى
غەربكە، يۈزى شەرققە قارىتىلىپ ئوڭدىسىغا
ياتقۇزۇلغان. قەبرىلەرگە قويۇلغان ئاخىرەت-
لىك بۇيۇملارنىڭ تۈرى، سانى ئوخشاش
ئەمەس. مەسىلەن، كۆنەس قارا تاغدىكى
قەبرىلەردىن ئاساسلىقى، بىر قۇلاقلىق رەڭ-
دار ساپال كوزا، رەڭدار ساپال جام، رەڭ-
دار ساپال قازان، تۇچتىن (برونزا) ياسال-
غان كۆرگۈ، مىس ھالقا (قۇلاققا سالىدىغان)،
كىچىك تۆمۈر پىچاق قاتارلىق نەرسىلەر،
شوتا يېزىسى ۋە تېكەستىكى بەزى چوڭ
قەبرىلەردىن بىر قۇلاقلىق سىدام ساپال
كوزا، ساپال جام، ساپال تاۋاق، قورسىقى-
نىڭ يۇقىرىسىغا ئاي شەكىللىك ئەگمە سى-
زىقلار چېقىرىلغان ساپال قازان، ساپال تور-
سۇق، مىس يۈگەن، مىس ھالقا، ياقۇت كۆز-
لۈك ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، مىستىن
ياسالغان ھەر خىل بېزەكلەر، تۆمۈر خەنجەر،
سۆڭەكتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى،
تۆمۈر (چۈيۈن) ساپان چىشى، بىر قىسىم
تاش قوراللار، يۇڭ توقۇلما قاتارلىق نەر-
سىلەر تېپىلغان. (4 ـ سۈرەتكە قاراڭ)

ساپاللارغا تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، قىيپاش
ئۈچ بۇرجەك، رۇجەك (تور)سىمان، كۆپ قات-
لاملىق، ئەگرى - بۈگرى سىزىقلىق گۈل -
نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن.



(4 ـ سۈرەت: شوتىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەدىمكى
قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال تورسۇق)

## نۇراساي جىلغىسىدىكى قەدىمكى مىس كان ئىزى

1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلقا ناھى-
يىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، ئۈچ كىلومېتىر
يىراقلىقتا جايلاشقان نۇرا ساي جىلغىسىدى-
كى 10 نەچچە ئورۇندىن قەدىمكى مىس كان
ئىزلىرى تېپىلدى (5 ـ سۈرەتكە قاراڭ). بۇ
قەدىمكى مىس كانلىرى مەدەن قېزىش ۋە
مەدەن تاۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قى-
سىمغا بۆلۈنىدۇ. مىس كان قۇدۇقلىرىنىڭ
ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىزى بەش مېتىر،
چوڭقۇرلۇقى 12 ـ 20 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ،
بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قانچە تىك قۇدۇق
خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. كان قۇدۇق-
لىرى ئىچىدە توغرىسىغا قويۇلغان بىر مۇنچە
لىملار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن كاننىڭ بىخە-
تەرلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. قۇدۇق ئىچىدە
ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان لىملارغا قاراپ ئۇلار-
نى قاتلاملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بەزى لىملار-
نىڭ ئىككى ئۇچى رۇدا قاتلىمىغا قېقىپ
كىرگۈزۈلگەن، لېكىن دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن تىرەلگەن لىملارنىڭ كۆپىنچىسى كان

www.uyghurkitap.com

قۇدۇقىنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ كېتىپ، كۆپ مىقداردىكى رۇدا، تاش قوراللار شېغىل توپىلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن تۆت-بەش مېتر قېلىنلىقتا قاتلام شەكىللەنگەن.



(5 - سۈرەت: نىلقا ناھىيە نۇرا سايىدىكى قەدىمكى مىس كان ئىزى).

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئون نەچچە تىك كان قۇدۇقىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تىك قۇدۇقلارنىڭ تېگىدىكى لەخمىلەر بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، مۇكەممەل يەر ئاستى مەدەن قېزىش تورلىرى ھاسىل بولغان.

مەدەن تاۋلاش مەيدانى كان خارابىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەدەر تەكشى جايدا بولۇپ، بۇ يەردە كەلكۈن سۇلىرى ئاققان ئىزلارمۇ ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ مەيداندىكى كۆلىمى 0.5 × 1.5 × 20 مېتر كېلىدىغان داشقال قاتلىمىدىن ساپال پارچىلىرى، ھايۋان سۆڭەكلىرى، رۇدا، داشقال ۋە دەسلەپ ئېرىتىلگەن يۇمىلاق مىس تۆكمىلەر تېپىلغان. بۇ يۇمىلاق مىس تۆكمىنى نۇر ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ مىس تەركىبىنىڭ 60% ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ ئەھۋال نۇرا سايىدىكى مىس كانلىرىنىڭ مىس تەركىبى ناھايىتى مول كان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قارا داشقال ۋە تاۋلانغان مىسنىڭ تۆشۈكچىلىرىدە ياغاچ كۆمۈر قالدۇقلىرىنىڭ بارلىقىغا قارىغاندا، ئۇ زامانىسىدىكى مەدەن تاۋلاشتا ياغاچ كۆمۈرى يېقىلغۇ قىلىنغان.

كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن تېپىلغان كاندا ئىشلىتىلگەن تاش قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى يۇمىلاق، سوقىچاق، تۆۋرۈكسىمان چوڭ تاش بازغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان قوراللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر بېشى ئۇچلۇق، بىر بېشى يۇمىلاق، دىئامېتىرى 20 سانتىمېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۇم تەرىپىگە شوينا باغلاش ۋە ساپ بېكىتىشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن توغرىسىغا كرېست (+) شەكىللىدە نوكەش ئويۇلغان.

كان تېگىدىكى لەم ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ($C_{14}$) ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ دەۋرى بۈگۈنگىدىن (±175) 2440 ۋە (±170) 2650 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان. بۇ قەدىمكى كان ئىزلىرى تەمىنلىگەن پاكىتلار ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، بۇ جايلاردا بۈگۈنگىدىن 2500 — 3000 يىللار بۇرۇن مىس كانلىرىنى ئاچقان ئەجدادلار ئۆز زامانىسىدا خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى كان قېزىش، مەدەن تاۋلاش، مىس، تۇچ (برونزا) بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن (جۈملىدىن ئىلى ۋادىسىدىن) تېپىلغان مىس ۋە تۇچ (برونزا)

بۇيۇملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، مىس بىلەن قەلەي ياكى قوغۇشۇننى ئېرىتىپ ساپ مىستىنمۇ قاتتىق ھەم ئوڭاي ئېرىيدىغان يېڭى مېتال - تۇچنى ھاسىل قىلىش ۋە تۇچتىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەربىي قوراللارنى ياساش مىلادىدىن 300 يىل بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە كۈنسايىن ئومۇملاشقان.

ھازىرغىچە ئىلى ۋادىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مىس ۋە تۇچ (برونزا) دىن ياسالغان داڭقان، قازان، كۆرگۈ، پالتا، خەنجەر، پىچاق، ھەيكەل، ئېگەر - جابدۇق بېزەكلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشقا جايلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن بولماستىن، بەلكى ئۆز جايىدىكى ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسالغان يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلانماقتا.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان نۇراسايدىكى مىس كان ئىزلىرى بىلەن ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ھەر خىل مىس ۋە تۇچ بۇيۇملار ئىلى ۋادىسىنىڭ قەدىمكى مىس قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## تاش ھەيكەل (بالبال)، سىنتاش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تاش پاسىللىق قەبرىلەر

ئىلى ۋادىسىدىكى تاش ھەيكەل (بالبال) ۋە سىنتاشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى موڭغۇلكۈرە - تېكەس يايلاقلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، نىلقا، قورغاس، توققۇزتارا ناھىيىلىرى تەۋەسىدە ئازراق ئۇچرايدۇ.

موڭغۇلكۈرە تەۋەسىدىكىلىرى ئاساسەن شوتا، ئاقسۇ، چوڭ - كىچىك خونوقاي، ئاغىيازنىڭ قوڭۇر بۇلاق، كۆپىرتى، سىنتاش دېگەن جايلىرىغا، ئارپىلى كۆۋەك، كىندىك تاس قاتارلىق يايلاق - قىشلاقلارغا جايلاشقان؛

تېكەس تەۋەسىدىكى تاش ھەيكەل (بالبال) ۋە سىنتاشلار ئاساسەن چوڭ - كىچىك قۇشتاي، كۆك تېرەك، چولاق تېرەك، قارا دالا، چاغانساي، ئاقتاش، بوزئادىر، قاراغانتى قاتارلىق جايلاردىكى ئوت - چۆپى ئەلۋەك، سۇلىرى مول تەبىئىي ئوتلاق - قىشلاقلارغا جايلاشقان؛ ئومۇمەن تاش ھەيكەل ۋە سىنتاشلارنىڭ ماتېرىيالى ئۆز يېرىدىكى تاغ - ئىدىر، جىلغا - سايلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاق، كۆك، قىزغۇچ، چىپار، قارامتۇل تەبىئىي مەرمەر تاشلار بولۇپ، ئاددىي، قوپال، قىياسەن ياسالغان بەزى سىنتاش ۋە بەلگە تاشلار ئادەتتىكى ئۇزۇنچاق ساي تاشلىرىدىنمۇ ياسىلىدۇ.

تاش ھەيكەللەرنىڭ ئۆلچىمى (ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، تاشنىڭ قېلىنلىقى)، ياسىلىش ئۇسۇلى، ئوبرازى قاتارلىقلار بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، بەزىلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ، بەزىلىرى كىچىكرەك بولۇپ بىر مېتىردىن ئېگىزرەك كېلىدۇ. ئومۇمەن تاش ھەيكەللەردە قىسمەن پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنە تۆۋەندىكىچە ئورتاقلىقلار بار:

1) تاش ھەيكەللەرنىڭ باش قىسمى كىچىكرەك، گەۋدە قىسمى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، يۈزى چوڭ، پېشانىسى كەڭ، بۇرۇتلۇق، ياڭاقباشتاق (قىسمەنلىرىنىڭ باش كىيىم، تاج، چېكىلىكلىرى بار) بولۇپ، ئوڭ قولىدا قەدەھ (جام) نى مەيدىسىگە تىرەپ تۇتۇۋالغان، سول قولىدا بېلىدىكى كەمەرگە ئېسىلغان قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتقان، ئوڭ بېلىگە شەمە-

شەر (ياكى خەنجەر) ئاسقان. ئۆز زامانىسىنىڭ تاشچى، بالبالچى سەنئەتكارلىرى بىجىرىم مەرمەر تاشلارنى تاللاپ، مىتالدىن ياسالغان ھەر خىل ئۈچكە، ئۆتكۈر قىرىش - يونۇش قوراللىرى بىلەن بالباللارنىڭ باش، قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇن، قۇلاق، ساقال - بۇرۇت، پۇت - قول، قورال - جابدۇقلىرىنى كۆپتۈرمە شەكىلدە كۆركەم ۋە ئوبرازلىق قىلىپ ئويۇپ (چېكىپ) چىققان.

2) تاش ھەيكەل (بالبال) لەر ئادەتتە بىپايان يايلاق - قىشلاقلاردىكى بەزى تاش تاۋۇتلۇق، تاش پاسىلىق، تاش دۆۋىلىك قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزى كۈنچىقىش تەرەپ (شەرق) كە قاراپ تۇرىدۇ.

3) ھەيكەللەرنىڭ شەكلى، قىياپىتى، ئوبرازى ۋە باشقا جەھەتتە مەلۇم پەرقلەرنىڭ بولۇشى، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى نەپىس، قامەتلىك، مەردجەسۇر قىياپەتتە، بەزىلىرى ساددا، سالاپەتلىك ئادەتتىكىدەك ياسىلىشى ئۆز دەۋرىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ بىر خىل سەنئەت ئۇسلۇبى بولۇشىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇ مەلۇم بىر دەۋردە ياشىغان مەلۇم مىللەت (ياكى قەبىلە) ئەزالىرىنىڭ تەققى-تۇرقىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەت، يوسۇنلىرىدىكى ئوخشاشلىقلارنى ئاشۇ خىل سەنئەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە تېكەس يايلاقلىرىدىكى تاش ھەيكەللەر ئىچىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1- كىچىك خونۇقايدىكى تاش ھەيكەل. موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كىچىك خونۇقاي يايلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئوت-چۆپلىرى مول كەڭرى يايلاقتا مۇشۇ خىل ئالاھىدە ياسالغان ھەيكەلدىن پەقەت بىرسىلا بولۇپ، ئۇنىڭ يەردىن چىقىپ تۇرغان ئېگىزلىكى 1.90 مېتىر (يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن قىسمى بىلەن ھېسابلىسا 2.50 مېتىر كېلىشى مۇمكىن)، كەڭلىكى (ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى) 56 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھەيكەلنىڭ بېشىدا بىر خىل تاجغا ئوخشاش كىيىم بار. ئۇنىڭ قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاق، بۇرۇتلىرى كۆپتۈرمە شەكىلدە كۆركەم ئويۇلغان. ئوڭ قولىدا قەدەھ (جام) تۇتقان، بېلىدە كەمەر، سول قولىنى بىر ئاز ئېگىپ تۆۋەنگە ساڭگىلاتقان، قۇلىقىدا ھالقىسى بار، يۈزى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. ھەيكەلنىڭ ئارقىسىدا دىئامېتىرى 26 مېتىر كېلىدىغان تاش دۆۋىلىك قەبرە بار. بۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — يانپاشتىن تۆۋەن 60 سانتىمېتىر ئارىلىققا سوغدىچە 20 قۇر خەت (خەتلەر ھەيكەلنىڭ ئالدى ۋە ئىككى يېنىغا) ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كەينى تەرىپىدە (بېشىدىن تارتىپ بەلنىڭ تۆۋەن قىسمىغىچە) ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈملىرىگە ئوخشىتىپ ئويۇلغان سەككىز قۇر ئويما، ئۇزۇن، سىزىق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. (6 - سۈرەتكە قاراڭ.)



6) - سۈرەت

A: موڭغۇلكۈرە — كىچىك خونۇقايدىكى تاش ھەيكەل (بالبال) نىڭ ئالدىنقى كۆرۈنۈشى

(B: كەينى تەرىپى)

سوغدىچە يېزىق ئويۇلۇپ، ئالاھىدە نەپىس ئىشلەنگەن بۇ خىل تاش ھەيكەل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېگانە نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا يېزىلغان سوغدىچە يېزىقنىڭ مەنىسى ھازىرچە يېشىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلمەكتە (ئۇنىڭ يېزىقى سوغدىچە بولغان بىلەن تىلى بەلكى تۈركچە بولۇشىمۇ مۇمكىن). (7 ـ رەسىمگە قاراڭ.)

ھەيكەلنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكىچە: مەن ئىلى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ ھەيكەل قېشىغا 1958 ـ، 1961 ـ، 1963 ـ، 1983 ـ يىللىرى بىر نەچچە قېتىم باردىم. ھەيكەلنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى تەبىئىي بۇزغۇنچىلىق، كۈنگە قاقلىنىش، قاتتىق قار ـ بوران، يامغۇردا قېلىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەدرىجىي خوراپ، نەتىجىدە، بېشىنىڭ سول تەرىپى، كۆز، بۇرۇن، قولاقلارنىڭ ئەسلى ھالىتى ئۆزگىرىپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە پۇچۇلۇپ كەتكەن. سول تەرەپتىكى بۇرۇتى بىلەن ئاغزى (ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى كالپۇكلىرى)، ئېڭەكنىڭ ئاستىنقى تەرىپى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن. ھەيكەلنىڭ كۆكرەك، ئىككى يېنى ۋە بەلىنىڭ تۆۋىنىدىكى سوغدىچە خەت ئويۇلغان يەرلىرىدە چاك ـ چېكىدىن يېرىلغان بىر مۇنچە ئىزلار بار ئىكەن.

تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، 1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بارغىنىمدا ھەيكەل ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى قەدىمكى قەبرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆردۈم. ھەيكەلنىڭ كۆكرىكىدىكى يېرىلغان يەر قانداق سەۋەبتىندۇر بۇزۇلۇپ، بىر نەچچىگە بۆلۈنگەن تاشلار يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەيكەلنىڭ كەينىدىكى قەدىمكى تاش دۆۋىلىك قەبرە باشقىلار تەرىپىدىن قالايمىقان كولىنىپ، بىر قانچە ئورەك پەيدا بوپتۇ. ئادەم سۆڭەكلىرى بىلەن ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ.



(7 ـ رەسىم: كىچىك خونۇقايدىكى تاش ھەيكەلنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سىزىلغان رەسىمى)

2- سىنتاشتىكى تاش ھەيكەل. ئاغىياز يېزىسىنىڭ سىنتاش يايلىقىدىكى بىر قاندچە ئورۇندا تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر بولغاندىن تاشقىرى ئۆز زامانىسىدا بەزى قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن تاش ھەيكەللەرمۇ بار ئىكەن. 1970 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلىپتۇ، ھەتتا بەزىبىر نەپىس ۋە ھەيۋەتلىك ئىشلەنگەن تاش ھەيكەللەر ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلگەندىن تاشقىرى چېقىپ تاشلىنىپ، مال قورۇسىنىڭ ئىچىگە تام توساق ئورنىدا ئىشلىتىلىپتۇ.

1983 - يىلى 8 - ئايدا سىنتاشنى تەكشۈرگەن چېغىمىزدا ئەسكى تاملىقنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويۇلغان بىر تاش ھەيكەلنى سۈرەتكە ئالدۇق. ئاق چىپار تاشتىن ياسالغان بۇ ھەيكەل گەرچە كۆركەم بولمىسىمۇ، لېكىن بېجىرىم ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ باش قىسمى (قاش، كۆز، بۇرۇن، ئېغىز، بۇرۇت، ئېڭەكلىرى) نى خېلى ئېنىق ئويۇپ چىققاندىن تاشقىرى ئىككى قولىنىڭ ئىزناسىمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەيكەلنىڭ ئۆلچىمى 36 × 34 × 1.43 مېتىر. (8 - سۈرەتكە قاراڭ)

چېقىپ تاشلىنىپ تام توساق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تاش ھەيكەل ئەسلىدە كۆك چىپار مەرمەر تاشتىن ناھايىتى كۆركەم ئىشلەنگەن بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان بىر پارچىسىدا ئوڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قەدەھ، سول قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قىلىچ ناھايىتى ئېنىق بىلىنىدۇ.

بۇ ھەيكەل 1961 - يىلى بورتالا - ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى مېلىچىك يايلىقىدىن تېپىلغان سارغۇچ چىپار مەرمەر تاشتىن ياسالغان كۆركەم، بېجىرىم تاش ھەيكەل (بالبال) گە تامامەن ئوخشايدۇ (ھازىر بۇ ھەيكەل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق [illegible] مۇزېيىدا ساقلانماقتا).



(8 - سۈرەت: ئاغىياز يېزا سىنتاش يايلىقىدىكى تاش ھەيكەل)

سىنتاش يايلىقىدا بۇزۇۋېتىلگەن ئاشۇ قىممەتلىك بالبالنىڭ ئەينەن ھالىتىنى بىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندە بورتالادىكى مېلىچىك يايلىقىدىن تېپىلغان بالبالنىڭ فوتو سۈرىتىنى قوشۇمچە تونۇشتۇردۇم. بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 2.85 مېتىر بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قامەتلىك، جەسۇر قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىسى چوڭ، كۆزلىرى يوغان، بۇرنى قاڭشارلىق، يۈزى چوڭ ۋە يۇمىلاق، پېشانىسى كەڭ، شاپ بۇرۇت، يالاڭباشتاق، ئوڭ قولىدا قەدەھنى مەيدىسىگە تىرەپ تۇرۇۋالغان، سول

قولىدا ئىلاپلىق ئۇزۇن قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتقان. بېلىدا كەمەر، ئوڭ تەرەپ (كەمەر) گە ئىلاپلىق شەمشەر (خەنجەر) ئېسىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئوڭ تەرەپ يانپىشىغا ھەميانغا ئوخشاش نەرسە ئويۇلغان بولۇپ، پۇتىدا ئۆتۈك، ئۇچىسىدا ئۇزۇن تون (تىزىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ) بار. (9 - سۈرەتكە قاراڭ.)



(9 - سۈرەت: بورتالادىكى مېلچىك يايلىقىدىن تېپىلغان تاش ھەيكەل)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىلى ۋادىسىدىكى ھەر قايسى يايلاقلاردا بىرمۇنچە سىنتاشلار بار. «سىنتاش» دېگىنىمىز - تاش ھەيكەل (بالبال) نىڭ بىر تۈرى، ئۇ، تاش ھەيكەللەرگە قارىغاندا كىچىك، ياسىلىش ئۇسۇلى ئاددى، ئادەتتە ھەر خىل تەبىئىي تاش ماتېرىياللىرىنى ئانچە سىلىقلىمايلا ئادەمنىڭ باش قىسمى (قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاق، بۇرۇت قاتارلىقلار) نىڭ سىزىقىنى ئاددى سىزىقلار بىلەن ئويۇپ (چېكىپ) ياسايدۇ. سىنتاشلارمۇ قەدىمكى تاش دۆۋىلىك ياكى تاش پاسىللىق قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلىنىش بىلەن مۇتلەق كۆپ ساندىكىسىنىڭ يۈزى شەرققە قارىتىلغان بولىدۇ (بەزى ئەھۋاللاردا تەبىئىي جايلىشىش سەۋەبىدىن باشقا تەرەپلەرگە قارىتىلغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ). سىنتاش تىكلەنگەن قەبرىلەر ئادەتتە، تاش ھەيكەل تىكلەنگەن تاش دۆۋىلىك ياكى تاش پاسىللىق قەبرىلەرگە قارىغاندا، نىسبەتەن كىچىك ۋە ئاددى بولىدۇ. بۇ خىل كىچىك قەبرىلەرنىڭ ئىگىلىگەن مەيدانىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تىپتىكى قەبرىلەردە ئاخىرەتلىك بۇيۇم (مەدەنىيەت يادىكارلىقلار) لار ئاز بولىدۇ.

ئومۇمەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ساقلارغا ئائىت ھەيۋەتلىك ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر بىلەن ئالدىغا كۆركەم تاش ھەيكەل (بالبال) تىكلەنگەن قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرگە ئائىت تاش دۆۋىلىك ياكى تاش پاسىللىق قەبرىلەر ئەينى زاماندىكى ساق ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇقىرىقى تەبىقە (ھۆكۈمران گۇرۇھى) غا مەنسۇپ بولۇپ، سىنتاش تىكلەنگەن ئاددىي ۋە كىچىك قەبرىلەر تۆۋەن تەبىقە (ئەمگەكچى خەلق) غە ئائىت ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل پەرق - ئۆز زامانىسىدىكى ئىككى خىل تەبىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تۆۋەندە موڭغۇلكۈرەدىكى شوتا، ئاغىيازنىڭ قوڭۇر بۇلاق يايلاقلىرىدىن تېپىلغان سىنتاشلاردىن بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

www.uyghurkitap.com

1) شوتا يېزىسىنىڭ غەربىي 6–7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دارجا دېگەن ئوتلاقتا بىر نەچچە تاش دۆۋىلىك، تاش پاسىللىق كىچىك قەبرىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك قەبرىنىڭ ئالدىغا سىنتاش تىكلەنگەن (سىنتاش ھازىر ئورنىدىن يۆتكىلىپ يەرگە ياتقۇزۇلغان ھالەتتە). سىنتاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.30 مېتىر، كەڭلىكى 48 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ تاشنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئاددىي قىلىپ ئادەم باش قىسمىنىڭ سىماسى، تۆۋەن تەرىپىگە قەبىلە ناملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر بەلگە چېكىلگەن. (10 - رەسىمگە قاراڭ)



(10 - رەسىم: شوتا يېزىسى دارجادىكى سىنتاش)

قىياپىتى بىر بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان سىنتاشنىڭ يەنە بىرسى شوتا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئوتلاقتا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىمۇ تاش پاسىللىق كىچىك قەبرە بار.

2) ئاغىياز- قوڭۇر بۇلاقنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تەكشىلىكتە تاغ باغرىغا جايلاشقان بىرمۇنچە تاش دائىرىلىك ئاددىي قەبرىلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە 6–7 قەبرىنىڭ ئالدىغا قىياپىتى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان، چوڭ-كىچىك سىنتاشلار تىكلەنگەن. ئۇلارنىڭ يۈزى شەرققە قارىتىلغان. سىنتاشلار ئىچىدە ئىككىسى (بىرى چوڭ، يەنە بىرسى كىچىكرەك) نىڭ ئوبرازى باشقا سىنتاشلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا ΛΛΛ شەكىللىك تاجىسى، قۇلىقىدا ھالقىسى بار، قارىماققا ئاياللارنىڭ قىياپىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (11-رەسىمگە قاراڭ)



(11 - رەسىم: ئاغىياز - قوڭۇر بۇلاقتىكى سىنتاش)

3) تېكەس ناھىيىسىنىڭ قارا دالا، مىڭبۇلاق دېگەن جايلىرىدا كۆپلىگەن تاش پاسىللىق قەبرىلەر بار. بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى 1960 -، 1970 -يىللاردا تېرىقچىلىق قىلىش جەريانىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قەبرىلەردىن تۇچ (برونزا) قوراللار، تۆمۈر پىچاق قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغانىكەن. قارا دالادىكى بەزى قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا سىنتاش تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ ئېگىزلىكى 95 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ بېشى، قولى، قورساق قىسمىغا چۆگۈنگە

ئوخشايدىغان بىرنەرسىنىڭ سىماسى چېكىلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان تاش ھەيكەل
(بالبال)، سىنتاش، تاش تۆپىلىك، تاش
پاسىللىق قەدىمكى قەبرىلەر يالغۇز ئىلى
ۋادىسىدىكى بەزى يايلاق - ئوتلاقلاردىلا
تېپىلىپ قالماستىن، ئۇلار يەنە ئوتتۇرا ئا-
سىيا (ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى) نىڭ ھەر
قايسى جايلىرى - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئال-
تاي رايونى، قازاقىستان، قىرغىزىستان،
تاجىكىستان، سىبىرىيە، تاشقى موڭغۇلىيە
دائىرىسىدىن كۆپلەپ تېپىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن ئېلىپ
ئېيتساق، بۇ خىل تاش ھەيكەل (بالبال)،
سىنتاش ۋە ئۇلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك
تاش پاسىللىق قەبرىلەر ئىلى ۋادىسىدىن
باشقا يەنە ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى-
نىڭ بىر قانچە ناھىيىسىدە، بورتالا ئوبلاس-
تىنىڭ يايلاقلىرىدا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەر-
قىي ئۇچىدىكى ئاراتۈرۈك، باركۆل يايلاق-
لىرىدىن تارتىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى سەي-
ۋۇفۇ، بوغدا تېغىنىڭ باغرىدىكى فۇكاڭ، كۆ-
چۆك (چىتەي) ئەتراپىدىكى جايلاردىن، خې-
جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر قانچە ئورۇن-
لاردىنمۇ كۆپلەپ تېپىلدى.

ئۇزۇندىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئو-
لوگىيە تەتقىقاتلىرىدىكى بىر خىل ئورتاق
خۇلاسىلەردە- قەدىمكى بالبال (تاش ھەيكەل)
ۋە سىنتاشلارنى مىلادى VI ئەسىردىن X ئە-
سىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە خاس قەدىمكى
تۈركلەر (تۈركىي تىلىدىكى مىللەت ۋە قەبى-
لىلەر) نىڭ قەبرە ئالدىغا تىكلىگەن بەلگىسى
دەپ قارالماقتا. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا
سۆزلىشىدىغان مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ يا-
شىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان يەرلىرىنىڭ
ناھايىتى كەڭلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا،
يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىزدە-
گەندە، تېخى ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر
مۇنچە تاغ-جىلغا، يايلاقلاردىن تارىختىن
بۇيان ساقلىنىپ قالغان بالبال، سىنتاش
قاتارلىقلار داۋاملىق تېپىلىشى مۇمكىن.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىخى، دىنى،
ئۆرپ-ئادەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان
ماتېرىياللاردا: «...تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە خاس،
ئايرىم سادىدا دىنلىرى بار ئىدى؛ ئۇلار يەر-
نىڭ، كۆكنىڭ يەنى پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىنسان-
لارغا ئەڭ شەپقەتلىك تەڭرى بولىدىغانلىقىغا
ئىشىنىپ (ئۇنىڭغا) ئېتىقاد قىلاتتى. تۇپراق،
سۇ، دەل-دەرەخ، تۆمۈر كەبى نەرسىلەرنى
ئۇلۇغلايتتى. تۇرمۇش-مەئىشەت ۋە ئۆزلىرى
بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان جەڭ - سوقۇش
ئىشلىرىدا ياردىمى بولغانلىقتىن، تۆمۈرنى
ھەممە نەرسىدىن بەكرەك ئۇلۇغلايتتى، (شۇڭا)
ئىسىملىرىغىمۇ (تۆمۈر) نامىنى قوشۇپ ئاتى-
شاتتى.

ۋاپات بولغانلارغا قۇربانلىق قىلاتتى ۋە
ناھايىتى قاتتىق قايغۇراتتى. (ئۇلارنىڭ)
قەبرىسىگە تاشلارنى قويۇش بىلەن ئۇلۇغراق
ئادەملەرنىڭ تاشلىرىغا ئۇنىڭ تىرىك ۋاقتى-
دىكى ياخشىلىقلىرىنى يېزىپ (ئويۇپ)
قوياتتى.

تۈركلەردە جەڭگە قاتنىشىشنىڭ ئۆزى بىر
ئۇلۇغ يىگىتلىك سانالغانلىقتىن، سوقۇشلاردا
ئۇلار پەقەت ئۆز مىللىتىنى ساقلاش ۋە ھى-
مايە قىلىش كەبى مەقسەتلەر بىلەنلا چەك-
لىنىپ قالمايتتى...

... تۈركلەرنىڭ سوقۇش ئىشلىرىغا ھەۋى-
سى بەك كۈچلۈك ئىدى؛ ئۇلار قۇربان بولغان-
لارنىڭ قەبرىلىرىگە، شۇ ئۆلگەن كىشى ئۆمە-
رىدە (جەڭ-سوقۇشلاردا) نەچچە كىشىنى ئۆل-
تۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسىگە شۇنچە
تاشلارنى تىزىپ قوياتتى ياكى تاشقا ئۇنىڭ
سوقۇشلاردا كۆرسەتكەن ھەممەتلىرى (تۆھپى-
لىرى) نى پۈتۈپ قوياتتى...» دەپ يېزىلغان.
(قاراڭ: «تۈرك ۋە تاتار تارىخى». (ئەھمەد

زەكىي ۋەلىدى ئەسىرى، 1 - توم، 1912- يىلى قازان شەھىرى، 17 -، 19 - بەتلەرگە)

دەرۋەقە يۇقىرىدىكى بايانلار، ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركلەر (ۋە قەدىمكى تۈركىي مىللەت، قەبىلىلەر) گە تەئەللۇق، ئالدىغا تاش ھەيكەل ياكى سىنتاش تىكلەنگەن تاش پاسىللىق قەبرىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىش ھاجەتكى، ھازىرغىچە قەدىمكى تۈرك خاقانلىقى (شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقلىرى) توغرىسىدا ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە ئىلى ۋادىسى ۋە ئۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ غەربىي تۈرك خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇ خاقانلىق تەۋەسىدە ياشاپ ئۆتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇڭا ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان تاش ھەيكەل، سىنتاش، تاش پاسىللىق قەبرە قاتارلىقلارنى غەربىي تۈرك خاقانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان تۈركىي مىللەت(ۋە قەبىلىلەر) لەرنىڭ يادىكارلىقلىرى دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇنى تۆۋەندىكى تارىخىي بايانلار تېخىمۇ تولۇقلايدۇ:

... مىلادىنىڭ 576 - يىلى تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۇلۇغ قاغانغا ۋەكالىتەن باشقۇرىدىغان يابغۇ ئۇنۋانلىق ئىستەمى قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىلگە تاردۇ قاغان (مىلادىي 576 -، 600 - يىللار)، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى ئاپا قاغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئىنەل قاغان يەتتە يىل (593 — 600) بىلگە تاردۇ قاغاننىڭ يېنىدا ئورتاق غەربىي قاغان بولۇپ تۇردى. مىلادىي 581- يىلى تۈرك خاقانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. يەتتەسۇ رايونىدىن باشلانغان غەربىي تەرەپ غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى بۇ قاغانىنىتىڭ رىتورىيىسى شەرقىي شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا ئامۇ (جەيھۇن) دەرياسى بىلەن ئىرانغىچە، شەرقتە بارىسكۆل (بارىكۆل) دىن تارتىپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە تۇتاشقانىدى. غەربىي تۈرك قاغانلىقى تەۋەسىدە ياشىغۇچى قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەردىن ئۇيسۇن، قاڭلى، تۈرگەش، تۆلەش، قارلۇق، چىگىل، تېلى، ياغما، توخسى... قاتارلىقلار ئۆز نامىنى بۇرۇنقىدەك ساقلاپ قالدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ بۇلارنىڭ بىر چوڭ تارمىقى بەش نۇشىبى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلۇغ ئەركىن ئۇنۋانىدا بىردىن خان بولاتتى. يەنە بىر چوڭ تارمىقى بەش تۆلەس دەپ ئاتالدى، بۇلار ئىلى دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ياشايتتى. تۈرگەشلەر مانا شۇ بەش تۆلەس (تولىس) دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەرنىڭ تەركىبىدە ئىدى. بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلۇغ چۇر ئۇنۋانىدا بىردىن خان تەربىيىلىنەتتى. ئومۇمەن، بەش نۇشىبى قەبىلىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدە، بەش تۆلەس قەبىلىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە ياشىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ «ئون ئوق» دەپمۇ ئاتالدى. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بەش تۆلەس قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان تۈرگەشلەر كۈچىيىپ كۈچلۈك ئەلگە ئايلاندى. VIII ئەسىرنىڭ 40—50- يىللىرىدىن كېيىن، غەربىي تۈرك قاغانلىقى ھالسىزلىنىپ، ھاكىمىيەت بارا - بارا تۈرگەش ھەربىي فېئوداللىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. تۈرگەش خانلىقى 60 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادى 766 يىلىغا كەلگەندە، ھاكىمىيەت قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. قارلۇق خانلىقى مىلادى 940 - يىلىغىچە 200 يىلدەك ھۆكۈم سۈردى، ئۇنىڭ خان ئوردىسى ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى قويلۇق شەھىرىدە بولدى.

قارلۇق خانلىقى دەۋرىدە يېزا ئىگىلىك، سودا-سېتىق، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ قويۇقلاشتى. شەرقتىن غەربكە بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يولى (يىپەك يولى) بۇ خانلىقنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتەتتى.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمدە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىنىڭ ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلغان: «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر.» (قاراڭ: بىرىنچى توم 40 - بەتكە) «ئىلى بىر دەريانىڭ نامى، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر.» (قاراڭ: بىرىنچى توم 124 - بەتكە)

## قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى

ھازىرغىچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى تاغلىق رايونلىرىدىكى يايلاق، بولۇپمۇ كۆزلەك ۋە قىشلاقلىرىدىن قورام تاش، قىيا تاشلارغا ئويۇپ - چېكىلگەن ھەر تۈرلۈك شەكىل، خىلمۇخىل مەزمۇنغا ئىگە رەسىملەر، رەسىملەر تۈركۈملىرى تېپىلدى.

قىياتاش رەسىملىرى قورغاس ناھىيىسىنىڭ قۇلۇستۇ، ساربۇلاق؛ تېكەس ناھىيىسىنىڭ قارا ئۆڭكۈر تېغى، قاپسالاڭ، تۇبەكبايىنىڭ سايى، جىلاندى دېگەن جايلىرى؛ كۈنەس ناھىيىسىنىڭ شىمالى بىلەن ئابرال تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىغا توغرا كېلىدىغان قاراغانتى، تاتراڭ، چۆمىكباي، قىزىلتاش دېگەن جىلغا - سايلىرى؛ نىلقا ناھىيىسىنىڭ قاراتۆپە قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان.

رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغ ئېغىزلىرى، ئەجدادلار قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ھەر قايسى ساي - جىلغىلارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەبىئىي «تاش تام»، يۈزى بىر قەدەر سىلىق، قاتتىق قوڭۇر تاشلارنىڭ تەكشى يۈزىگە چېكىپ ئويۇلغان. رەسىملەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۈنگە قاقلىنىپ تۇرغانلىقتىن، رەسىم ئويۇلغان تاشلار چاك كېتىپ، يېرىلىپ كېتىش بىر قەدەر ئېغىر.

تەبىئىي بوزغۇنچىلىق، قاتتىق كۈن نۇرى، قار - يامغۇرلاردىن دالدىدا بولىدىغان جايلارغا تارقالغان رەسىملەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ھەر خىل ياۋايى ھايۋانات رەسىملىرى: بۇ خىلدىكىلىرىنىڭ يىل - دەۋرىمۇ خېلى قەدىمكى بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن بۇغا - مارال، غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى - كۆكەت، ئات، تۆگە، بۆرە، ئىت، قۇش، تۈلكە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

2) ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى: بۇ خىلدىكىلەردە ئوقيا ئېتىپ ئوۋ قىلىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، مال - چارۋا بېقىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆپ ئۇچرايدۇ؛

3) كۈن، ئاي، دەل - دەرەخ، ھەرخىل تامغا، بەلگە - نىشان ۋە باشقا جانسىز نەرسىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەر تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزى جايلاردا كېيىنكى دەۋرلەرگە خاس، دىنىي ئېتىقادقا ئائىت رەسىملەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئاغىياز دەريا-

سىنىڭ بويىدىن تېپىلغان ئۆلچىمى 60 × 18.0 × 1.50 مېتىر كېلىدىغان، ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك قورام تاش يۈزىگە بۇددا دىنىغا ئائىت رەسىم ئويۇلغان.

قەدىمكى قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمەلىي تۇرمۇشى جەريانىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئېستېتىك تۇيغۇسى ئورگانىك هالدا بىرلىشىپ كەتكەن.

ئىلى تەۋەسىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى — تەگىرتاغ قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ مۇهىم تەركىبى بولۇپ، ئۇنى قەدىمدىن تەگىرتاغ ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە ياراتقان. (12 - رەسىمگە قاراڭ)




(A: قورغاس ناهىيە قۇلۇستۇدىكى قىياتاش رەسىملىرى، B: تېكەس ناهىيە قاپالاڭدىكى قىياتاش رەسىملىرى)

تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇش، تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى — قەدىمكى زامان ئوۋچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى يەنى بۇنىڭدىن 4000 - 6000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىلدىن تارتىپ هون ئىمپېرىيىسى دەۋرى - مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - 2 - ئەسىرلەرگىچە قەدىمكى تۈرك قاغانلىقى دەۋرىگىچە ياشىغان ساق، هون، ئوغۇز، تۈرك — قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن چىققان سەنئەتكارلار ئىجاد قىلغان، دەپ ئېيتالايمىز.

## قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى چېكىلگەن قەبرە تېشى

1983 - يىلى 8 - ئايدا تېكەس يايلاقلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئاساسىي جەهەتتىن ئاخىرلاشتۇرغان چېغىمىزدا ناهىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خادىمى يولداش ئابلىز ئىشارىپ مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر دانە قەبرە تېشىنى بىزگە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ تاش — تېكەس ناهىيىسىنىڭ شەرقىي 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان قاراتوقايدىكى كىچىك ئېقىن سۇ ئىچىدىن تېپىلغانىكەن (ئەسلىدە قاراتوقايدىن ئوتۇن كەسلەپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم توقايدىكى كىچىك ئېقىندىن ئۆتۈۋاتقاندا، سۈزۈك سۇ ئىچىدە تۇرغان بۇ تاشنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى مەدەنىيەت يۇرتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىكەن). قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى چېكىلگەن بۇ تەبىئىي ساي تېشى سەل قىيپاش يېرىم ئاي شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى 20 × 30 × 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تاشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىن بىر قۇر (بەش هەرپتىن تەشكىل تاپقان) چېكىلگەن. خەت چېكىلگەن قۇرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 سانتىمېتىر، هەرپ بىلەن هەرپنىڭ ئارىلىقى بىر سانتىمېتىر، هەرپلەرنىڭ ئېگىزلىكى 8 - 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ (13 - رەسىمگە قاراڭ).




(13 ـ رەسىم: تېكەس ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى چېكىلگەن قەبرە تېشى)

پەرەز قىلىشىمچە، بۇ قەبرە تېشى ئەسلىدە تېكەس دەرياسى بويىدىكى مەلۇم بىر كىچىك تاش پاسىللىق قەدىمكى قەبرىنىڭ بېشىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئېقىن سۇ ئىچىدە توختاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تاشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۇنى ئادەتتە كۈن نۇرىغا تۇتسا، چېكىلگەن خەتلەر ئانچە ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ، سايە يەردە تاش يۈزىگە سۇ پۈركۈپ قارىسا، خەتلەر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. تاشقا چېكىلگەن قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى ھەرپلىرىنى ئوڭدىن سولغا قارىتا ئوقۇساق ئۇنىڭ ترانسلىتېراتسىيىسى (ھەرپىنىڭ نامى ـ ئوقۇلۇشى) تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ،[g] | ،[č] | ،[K] | ،[y] | ،[b] |
| 5 | 4 | 3 | 2 | 1 |
| گ) | چ، | ك، | ي، | (ب، |

بۇ ھەرپلەرنى قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ئاساسەن، ترانسكرىپتسىيە قىلىپ تولۇقلاپ ئوقۇساق، ئۇنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

[b(a)y k(i)č(i)g]

يەنى: باي كىچىگ (bay kiqig) دېگەن ئادەم ئىسمى بولۇپ چىقىدۇ.

غەربىي تۈرك قاغانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان بۇ قەبرە تېشىنىڭ ئۆزى ئاددىي ۋە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرغىچە ئىلى ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان، قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى قىممەتلىك يادىكارلىق جۈملىدىن تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تۈركولوگىيە، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## «ئالمىلىق» قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان نېستورىئان دىنىي يادىكارلىقلىرى

قەدىمكى ئالمىلىق شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان نېستورىئان دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرىنىڭ تارىختىكى ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىر قەدەر تەپسىلىي چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نېستورىئان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا جۈملىدىن قەدىمكى ئالمىلىق (ئىلى ۋادىسى) ئەتراپىغا قاچان، قانداق تارقالغانلىقى ھەققىدىكى بەزى تارىخىي ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«نېستورىئان دىنى — خرىستىيان دىنىنىڭ بىر چوڭ مەزھىپى بولۇپ، بۇنى سۈرىيىنىڭ ئانتىئوچ (Antioch) دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان نېستورىئوس (Nestorius) دېگەن دىنىي زات ياراتقان. ئۇ، خرىستىيان دىنىدىكى بەزى ئاساسلىق تەلىمات- ئەقىدىلەرگە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، مىلادى 431 ـ يىلى ئېچىلغان Epheuss دىنىي يىغىنىدا قوغلاندى قىلىنغان. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ بىر مۇستەقىل دىنىي مەزھەپ بولۇپ بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ مەزھەپنىڭ دىنىي داھىسى ئۆزلىرى سايلىغان «پاترىئارخ» بولغان. بۇ مەزھەپ بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، شەرققە قاراپ كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان، بولۇپمۇ پارس ئەللىرىدە كەڭ تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى

ئاساسەن سۇرىيىلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندە بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ كەڭ ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان. تۈركىي قەبىلىلەردىن نايمان، كەرەي، ئونغۇتلار ئاساسەن بۇ دىننىڭ ئېتىقادچىلىرى بولۇشى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارمۇ كۆپلەپ ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. 1246 - يىلى موڭغۇل ئوردىسىغا كەلگەن ئىتالىيىلىك كاتولىك دىنى ئەلچىسى ئۆز خاتىرىسىدە: «... چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلار خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىئان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، دەپ يازىدۇ.» (قاھار بارات «قەدىمكى ئۇيغۇر خرىستىئان يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986 - يىل 3. - سان 60 - بەتكە) قاراڭ؛

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە خرىستىئان دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ھەتتا تەرسا (Tersa) لار دۆلىتى دەپمۇ ئاتالغان. تەرسا (Tersa) ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ، ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە پارسلار خرىستىئانلارنى (تەرسا) دەپ ئاتىغانىكەن. بۇ ھەقتە ھېنرى يۇلى (Henry Yule): «ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە يېزىقىنىڭ تەرسا دەپ ئاتىلىشى نېستورىئان دىنىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىدىن بولغان» ① دەيدۇ. رىم پاپاسى تەرىپىدىن بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن ئىتالىيىلىك جون. مونتېكورۋىنو (JohnofMontecorvino) 1305 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يازغان خېتىدە: «مۇرىتلارنىڭ ئىنجىلنى ئۆگىنىشىگە ئەپلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئالتە پارچە رەسىم سىزىپ چىقتىم. ئارقىسىغا لاتىنچە، تەرسا، (ئۇيغۇر)چە ۋە پارسچە ئۈچ دۆلەت تىلىدا چۈشەندۈرۈش يازدىم ...» دېگەن .

قەدىمكى كارۋان يولى (يىپەك يولى)نىڭ شىمالىي تارمىقىدىكى مۇھىم تۈگۈن، تارىختىكى مەشھۇر مەدەنىيەتلىك شەھەر ئالمىلىق چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ گۈللەنگەن. ئۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغاندىن تاشقىرى يەنە مۇشۇ خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگىمۇ ئايلانغانىدى.

«... 1340 - يىلى ئالمىلىقتا يۈز بەرگەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە ئالسولدا تەختكە چىقىدۇ. ئۇ ئەسلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. تەختكە چىقىپلا دۆلەت ئىچىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قەتئىي ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. بويسۇنمىغان روھانىيلارنى سۆرەپ چىقىپ، بىر ئارغامچىغا چېتىپ سازايى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۇردۇرۇپ، تىللىتىپ، ئاندىن قولاق، بۇرۇنلىرىنى، پۇتقوللىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئالمىلىق شەھىرىنىڭ يېشوپى فرانسىيىلىك رىچارد، ئالېكساندىرىيىلىك فرانكس، ئىسپانىيىلىك پاسكال، ئىتالىيىلىك پىرووېنكي ... قاتارلىقلار بار. بۇلار ئۆلۈپ ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئالسولدا ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ ئوردىسىغا ئوت كېتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن، 1340 - يىلى 9 - ئايدا ماريگنولى (Marignoli) باشچىلىقىدىكى بىر مىسسىيونېرلار ئۆمىكى ئالمىلىققا كېلىدۇ. بۇلار پاپا ئىننوسېنت VI (Innocent) تەرىپىدىن 1338 - يىلى 12 - ئايدا ئەسلى بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن كاتولىكلار ئىدى. بۇلار ئالمىلىقتا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ، 1342 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئاندىن بېيجىڭغا بارىدۇ. ماريگنولى

www.uyghurkitab.com

خاتىرىسىدە: «مەركىزىي ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى ئالمالىققا باردۇق. ئالمالىقتا ئۇزۇن تۇردۇق ۋە يەرسېتىۋېلىپ بىر چېركاۋ سالدۇق. بىر قانچە يەرگە قۇدۇق قازدۇق، ناخشا ئۆگەتتۇق. بەزى ئادەملەرنى سۇ سېپىشتىن ئۆتكۈزدۇق. ئەركىن - ئاشكارا دىننى تەرغىب قىلدۇق. بۇلتۇر بىشوپ ۋە روھانىيلاردىن ئالتە ئادەم ئۆلگەن...» دەپ يازىدۇ③.

1880- يىللاردىن ئېتىبارەن روسسىيە ئالىملىرى يەتتەسۇنى مەركەز قىلغان (ئىلى ۋادىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كەڭ رايونلاردىن خىرىستىئان دىنىنىڭ كرېست (+) بەلگىسى چېكىلگەن نېستورىيان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك قەبرە تاشلىرىدىن مىڭ نەچچە يۈزنى تاپقان. بۇ قەبرە تاشلىرى XI ئەسىردىن XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۈرىيە (شام) يېزىقىدا چېكىپ پۈتۈلگەن. تىل جەھەتتىن كۆپىنچىسى سۈرىيە تىلىدا، بەزىلىرى تۈركىي تىلىدا يېزىلغان. ئاتاقلىق ئالىم مالوۋ تۈركىي تىلىدىكى قەبرە تاشلىرىدىن 13 پارچىسىنىڭ تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان.

1953- يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئالمالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تەكشۈرگەندە ئىلگىرى ئالمالىق خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان نېستورىيان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك كرېست بەلگىسى بار قەبرە تېشىدىن بىرنى يىغىۋالغان (ھازىر بۇ قەبرە تېشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا ساقلانماقتا).

1958- يىلى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئالمالىق شەھىرى خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرگەندە، ئۇ يەرلەردىن كۈمۈش تەڭگىدىن تۆت دانە، نېستورىيان دىنىغا ئائىت، سۈرىيە يېزىقى چېكىلگەن كرېست بەلگىلىك قەبرە تاشلىرىدىن ئۈچ دانە ۋە باشقا بىر مۇنچە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان.

1981- يىلى ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن سۈرىيە يېزىقى چېكىلگەن كرېست بەلگىسى بار قەبرە تېشىدىن يەنە بىرسى تېپىلغان (ھازىر بۇ قەبرە تېشى قورغاس ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش- باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا).

ئومۇمەن نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا سەككىز پارچە، قورغاس ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش- باشقۇرۇش ئورنىدا بىر پارچە، جەمئىي توققۇز پارچىسى ساقلانماقتا. لېكىن قەدىمكى سۈرىيە (شام) يېزىقىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ھازىرغىچە بىزدە يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يېزىقى، مەنىسى تېخى يېشىلمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ قەبرە تاشلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ئۇنىڭغا چېكىلگەن سۈرىيە يېزىقى، كرېست بەلگىسى ۋە قوشۇمچە گۈل- نەقىشلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يەتتەسۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان قەبرە تاشلىرىغا بەكلا ئوخشايدۇ. مۇشۇ ئوخشاشلىققا ئاساسەن بىزدە ساقلىنىۋاتقان قەبرە تاشلىرىنىمۇ XI ئەسىردىن XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تىكلەنگەن دەپمۇ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ (14- سۈرەتكە قاراڭ).

ئەمدى بىزدە ساقلىنىۋاتقان نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرىنىڭ مەنىسى ھازىرچە يېشىلمىگەن بولسىمۇ، يەتتەسۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان مۇشۇ خىلدىكى قەبرە تاشلىرىنىڭ مالوۋ تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە پارچىسىنى قوشۇمچە

①، ②، ③ - ۋاھار باراتنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر خىرىستىئان يادىكارلىقلىرى» دېگەن ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇنىڭ بىزدە ساقلىنىۋاتقان قەبرە تاشلىرىنىڭ مەنىسىنى تەقلىدىي چۈشىنىشكە، ئىلمىي تەتقىقاتلاردا پايدىلىنىشقا مەلۇم پايدىسى بار، ئەلۋەتتە.



(14 ـ سۈرەت: 1981 ـ يىلى ئالمىلىق قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان نېستورىئان دىنىغا ئائىت قەبرە تېشى)

يەتتەسۇ رايونىدىن تېپىلغان قەبرە تاشلىرىدا قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يىلنامىسى بىلەن تۈركچە 12 مۈچەل ۋە «ئالېكساندىر ئېراسى» قوللىنىلغان. «ئالېكساندىر ئېراسى» ئەسلى قەدىمكى گىرىكلەرنىڭ يىلنامىسى بولۇپ، ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)نىڭ قول ئاستىدىكى سېلېفىك I نىڭ زامانىسىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان ئېرادىن 311 يىل بۇرۇن ھېسابلىنىدۇ.

يەتتەسۇ قەبرە تاشلىرىدىن: (تاشلارنىڭ يەقەن ھازىرقى ئۇيغۇرچە يەشمىسىلا بېرىلدى)

1. تاي قوبۇزچى مەڭگۈ تېشى

[ئالېكساندىر خان ئېراسى مىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى ئىدى (1312 يىل). تۈركچە يىل چاشقان يىلى ئىدى. بۇ قەبرە مەڭگۈ تاش تاي قوبۇزچىنىڭ. ياد بولسۇن.]

2 . مايغراخ مەڭگۈ تېشى

(ئالېكساندىر خان ئېراسى مىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە بەشىنچى يىل (1314 ـ 1313 ـ يىل) ئىدى. تۈركچە يولۋاس يىلى ئىدى. بۇ قەبرە روھانىي مايغراخنىڭ.] ①

## قەدىمكى شەھەر ئالمىلىق

قەدىمكى شەھەر ئالمىلىقنىڭ خارابىسى ـ كونا قورغاس (چىلپەگزە) ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قورغاس مازار يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. قەدىمكى مەشھۇر شەھەر ئالمىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇھىم تەتقىقات نۇقتىسىغا ئايلاندى.

1953 ـ ، 1958 ـ ، 1961 ـ ، 1963 ـ ، 1964 ـ يىللىرى قەدىمكى شەھەر ئالمىلىق ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىلىقنىڭ يەر ئۈستىدە ساقلىنىۋاتقان دائىرىسى ـ شىمالىي تەرىپى كېگەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جەنۇبىي تەرىپى كېگەن② سېيىغا، شەرقىي تەرىپى توغلۇق تۆمۈرخان مازىرىغا، غەرب تەرىپى قارائويغا تاقاشقان

① قاھار باراتنىڭ ماقالىسىدە تونۇشتۇرۇلغان قىسمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

② كېگەن ـــ مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىللار دىۋانىدا: «كەيكەن قاياستىن ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئېتى. ئۇنىڭ بىرسى ‹كىچىك كەيكەن› دېيىلىدۇ، بۇ «كىچىك». يەنە بىرسى ‹ئۇلۇغ كەيكەن› دېيىلىدۇ، بۇ «چوڭ دۆر» دەيدۇ. م. قەشقەرى «كەيكەن» دەپ ئاتىغان بۇ دەريا كېيىن ئۆزگىرىپ كېگەن دەپ ئاتالغان ـــ ئاپتور.

بولۇپ، پۈتۈن ئايلانمىسى تەخمىنەن 20 كىلومېتىردىن ئۇشۇق كېلەتتى. شەھەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى قورغان ـ سېپىللىرى، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىزلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەر خىل ئوت ـ چۆپ، گىياھلار بىلەن پۈركەنگەن ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈك، كەلكۈن ـ قىيان سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان چوڭ ـ كىچىك جىرالار، ھەر خىل ساي تاشلىرى، چېقىلغان ـ پۇچۇلغان خىلمۇخىل ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى، گۈللۈك فارفور چىنە ـ قاچىلارنىڭ پۇچۇقلىرى، تۈگمەن تېشى، خىش ـ كاھىش، داشقالغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ پارچىلىرى ئىگىلىگەنىدى. ئالمىلىق خارابىسى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخقا، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدە ساقلىنىۋاتقان مول تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خارابە بىرىنچى تۈركۈمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلىپ ئېلان قىلىنغانىدى.

ئالمىلىق شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۇنىڭ قايسى دەۋردىن باشلاپ بىنا قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنى قايسى خانلىق، خاقانلىقلارنىڭ پايتەختى قىلىنغانلىقى، قانداق خاراب بولغانلىقى ۋە باشقىلار ھەققىدە ھازىرغىچە خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ ھەقتە يېزىلغان ھەر خىل تىللاردىكى تارىخىي مەنبەلەر، شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان (تېپىلىۋاتقان) كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەمدە ئۇلار توغرىسىدا يېزىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسەن ئالمىلىق شەھىرىنى مىلادى V ئەسىردىن تارتىپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان، دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ قىتان سۇلالىسى (ياۋروپا تىلىدا كىدان، خەنزۇچە لياۋ سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادى 916 ـ، 1125 ـ يىللار) دەۋرىدە كېڭىيىشكە باشلاپ، 12 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ دەۋرلەردە قارلۇقلارنى ئاساس قىلغان ئالمىلىق شەھىرى غەربىي قىتان دەۋرى (غەربىي لياۋ) دە ئۇلارغا قارىغان.

ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئاساسىي ئاھالە تەركىبىي توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىمۇ بۇ تارىخىي شەھەردە قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن تۈرك قەبىلىلىرى ياشىغانلىقى ئىنكار قىلىنمايدۇ.

ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان دەۋرىدە (13 ـ ئەسىر) ئالمىلىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. تاكى 14 ـ ئەسىرنىڭ بېشى (1318 ـ يىلى) دا چاغاتاي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندىمۇ ئالمىلىق شەھىرى يەنىلا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ قالىۋەرگەنىدى.

قورغاس ـ مازارلىق تارىخچى، كونا مائارىپچى ئابدۇللا ئەپەندى ئۆزىنىڭ قولىيازما تارىخىي خاتىرىسى (بۇ قولىيازما خاتىرە ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېي تارىخىي ماتېرىياللار ئارخىپىدا ساقلانماقتا) دە: «چاغاتاي خان چىڭگىز (خان) بالىلىرى ئارىسىدا ئەڭ قاتتىق كۆڭۈللۈك، ئاتىسىنىڭ قويغان قانۇنلىرىغا، نەسىھەتلىرىگە رىئايە قىلىدىغان كىشى ئىدى. چاغاتاي خانغا ئاتىسى چىڭگىز ئىران، خۇراسان، تۈركىستاننى تاپشۇرغانىدى. چاغاتاي خان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەختى ئالمىلىقتا تۇراتتى. چاغاتاي خاننىڭ بالىلىرى ئۇيغۇر

تەربىيەسى بىلەن تەربىيىلەنگەن، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ئادەتلەنگەن ئىدى. چاغاتاي خاننىڭ ۋەزىرلىرى، كاتىپلىرى ۋە ھەممە مەمۇرلىرى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. چاغاتاي خاننىڭ ھەممە ئىدارە ئىشلىرى مەھمۇد يالۋاچ ئوغلى مەسئۇدنىڭ قولىدا ئىدى...» دەپ بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى بايان بىلەن «تارىخى جەھان گوشاي» 1- جىلدىدا پۈتۈلگەن- چاغاتاي خانغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىنلارنىڭ دائىرىسى ئاساسەن ئوخشايدۇ. چاغاتاي خانغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بۇ كەڭ زېمىن چىڭگىزخان قۇرغان ئىمپېرىيە دائىرىسىدە تەبىئىي بايلىقى مول، ئاۋات- باياشات جايلار بولۇپ، بۇ رايونلاردا بىر قانچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا كۆچمەن ۋە تۇراقلاشقان چارۋىچىلىق، دەريا ۋادىلىرى- مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەردە خېلى ئىلغار دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىنشائاتى، شەھەر- كەنت، قەلئە- قورغان بىناكارچىلىقلىرى، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە رەڭگارەڭ قول ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى پائال راۋاجلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى سودا كارۋان يولى (يىپەك يولى)نىڭ ئاساسلىق تارماقلىرى دەل موشۇ زېمىنلاردىن ئۆتكەنلىكتىن، بۇ دائىرىدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتمۇ ئۇزاق تارىخقا ۋە كەڭ مىقياسقا ئىگە ئىدى.

قەدىمكى شەھەر ئالمىلىقنىڭ كېيىنكى بىر مەزگىللىك تارىخى - چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىش تارىخى، جۈملىدىن چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان خانلىقلارنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. بۇ شەھەر چاغاتاي خان، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوخشاش خانلارنىڭ زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ، راسا گۈللەنگەن بولسا، بەزىدە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە زېمىن تالىشىش يولىدا يۈرگۈزگەن تۈگىمەس ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئېغىر بالايى- ئاپەتلەرگە ئۇچراپ ۋەيران بولاتتى. مەسىلەن، 1262- يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخاننىڭ ئىنىسى ئارىغ بۇقا قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قۇبلايىنى ھىمايە قىلىدىغان ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالمىلىق شەھىرىنى تالان-تاراج قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلار قاقاسلىققا ئايلىنىپ، خەلق يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئۇمۇمەن ئالمىلىقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مۇرەككەپ تارىخىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك «گۈللەنگەن» ۋە «بالايى- ئاپەتكە ئۇچراپ ۋەيران بولغان» ئەھۋاللار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «جامىئۇتتەۋارىخ»، «تارىخى جەھان گوشاي»، «تارىخى رەشىدى»، «چىڭگىزنامە»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدى»، «جالالىددىن كېتىكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق بىرمۇنچە تارىخنامە ۋە تەزكىرىلەردىن: ئالمىلىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ 16- ئەسىرگە كەلگەندە خارابىلىققا ئايلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، ھازىرغىچە ئالمىلىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلغان خىلمۇخىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن: ھەر خىل ساپال، فار- فور چىنە، ھەر خىل مېتاللاردىن ياسالغان تۇرمۇش بويۇملىرى، ھەر قايسى دەۋرلەرگە خاس ئالتۇن، كۈمۈش پۇللار، خرىستىئان (نېستورىيان) دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرى، ئىسلام دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار، ئالتۇن مۆھۈر قاتارلىقلار بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئۆز زامانىسىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەر، سودا-سانائەت جەھەتتە خېلى راۋاجلانغان

ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئالمالىق شەھەر خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە قارىغاندا، بۇ شەھەردە يەنە ئوردا- سارايلار، كوچىلار، باغلار، مەيدان- سەينالار، بازار ۋە ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ دۇكانلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ مەدرىس - مەسچىتلىرى، خىرىستىئان دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

تۆۋەندە، 1940- يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە ئالمالىق خارابىسىدىن تېپىلغان مۇھىم تېپىلمىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز: 1) تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قولىيازما خاتىرىسىدە ناھايىتى مۇھىم بىر «تېپىلمىش» خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «1948- يىلى 11- ئايىدا قورغاس - تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئىككى چاقىرىم غەربىدە «ئالتۇنلۇق» (يەنى ئالمالىقنىڭ) دېگەن خارابە شەھەر ئورنىدىن مەھمۇد مۇئىزىن، ئىبراھىم ئاخۇنلار ئۆزلىرىگە خاس (تەۋە) يەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ قىبلە (غەربىي) قىرىدىن بىر كوزا تېپىۋالغان. كوزا ئىچىدىن سەككىز دانە ئالتۇن ئاقچا، بىر دانە ئالتۇن مۆھۈر، 155 دانە كۆمۈش ئاقچا چىققان. ئالتۇن ئاقچا (پۇل) لارغا:

1- ئالتۇن ئاقچىغا «تۇغلۇق سۇلتان غازى ئەمىرۇلمۆئمىنىن»

2- ئالتۇن ئاقچىغا «سۇلتان سەئىد شەمسۇلغازى غىياسىددىن ۋالمىددىن»

3- ئالتۇن ئاقچىغا «سۇلتان غازى غىياسىددىن ۋالمىددىن ئەبۇ مەزھەر»

4- ئالتۇن ئاقچىغا «تۇغلۇق شاھ.. ئىمالىك... فى ئەھەد مۇھەممەد بىن تۇغلۇق»

5- ئالتۇن ئاقچىغا «سۇلتان سەئىد ئەلشەھىد تۇغلۇق شاھ...» دېگەن خەتلەر بېسىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئالتۇن پۇللارغا بېسىپ چىقىرىلغان يۇقىرىدىكى خان، سۇلتانلارنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە «تۇغلۇق سۇلتان غازى...»، «تۇغلۇق شاھ...» «... مۇھەممەد بىن تۇغلۇق» دېگەن ئىسىملار كۆپرەك بولۇپ، بۇ، تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدا چىقىرىلغان ئالتۇن پۇللار ئىكەنلىكىنى جۈملىدىن شۇ دەۋردە تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز نامىدا ئالتۇن-كۆمۈش پۇللارنى چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەپسۇسكى، ئابدۇللا ئەپەندى ئۆز خاتىرىسىدە، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ساقلىنىپ قالغان ياكى قالمىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە قالدۇرمىغان؛

2) 1940- يىللاردىن تارتىپ 1958- يىلغىچە قورغاس مازار يېزىسىدىكى بەزى دېھقانلار ئالمالىق خارابىسى دائىرىسىدىن چوڭ-كىچىك ساپال كوزا، كومزەك، فار-فور چىنە سۇنۇقلىرى، خەنجەر، پىچاق، ئالتۇن، كۆمۈش، مىس پۇللار (بۇ پۇللارنىڭ بەزىلىرىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بەزىلىرىگە ئەرەبچە خەتلەر بېسىپ چىقىرىلغان)، يارغۇنچاق، تۈگمەن تېشى، خىش، كاھىش، نېستورىئان دىنىغا ئائىت سۈرىيە يېزىقى چېكىلگەن قەبرە تاشلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىۋالغان، بۇ يادىكارلىقلار كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقالغان؛

3) 1953- يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئالمالىق خارابىسىنى تەكشۈرگەندە يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلار ئۆمەككە بىر قىسىم يادىكارلىقلارنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۆمەكتىكىلەر بۇ جايدىن يەنە نېستورىئان دىنىغا ئائىت كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن قەبرە تاشلىرىنىمۇ تاپقان؛

4) 1958- يىلى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئالمالىق خارابىسىنى تەكشۈرگەندە كۆمۈش پۇلدىن تۆت دانە، نېستورىئان دىنىغا ئائىت قەبرە تېشىدىن ئۈچنى تاپقان.

كۈمۈش پۇللارنىڭ بەزىلىرىگە ئەرەبچە ھىجىرىيە ھېسابىدا 727 - يىلى دېگەن رەقەملەر چۈشۈرۈلگەنىكەن؛

5) 1975 - ، 1976 - ، 1979 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى بەزى تەكشۈرگۈچى خادىملار ئالمىلىق خارابىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ئاختۇرغاندا، ھەر خىل گۈل - نەقىشلىرى بار قارا رەڭلىك فارفور قاچىلار، نەپىس ئىشلەنگەن ئاچ يېشىل رەڭلىك چىنە تاۋاق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چاغاتايخان ۋە تۇغلۇقتۆمۈرخان دەۋرىگە ئائىت بىرمۇنچە ساقلانغان كۈمۈش تەڭگە، مىس يارماقلارمۇ تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «تۇغلۇق تۆمۈرخان» نامىدا چىقىرىلغان كۈمۈش پۇل ياخشى ساقلانغان. دىئامېتىرى 96 مىللىمېتىر، ئالدى يۈزىدە قىرغىقى بويلاپ 1 - قۇرىغا كىچىك يۇمىلاق چېكىت (گۈللۈك) چەمبەر، 2 - قۇرىغا ئادەتتىكى چەمبەر سىزىقى بېسىپ چىقىرىلغان. 3 - قۇرىغا يېرىم ئەگمەچ شەكىللىك چەمبەرسىمان نەقىش چىقىرىلغان. كۈمۈش پۇلنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى 1 - ۋە 2 - قۇرىغا يېزىلغان ئەرەبچەتىلىق تىمۇر خان خاقان (تۇغلۇق تۆمۈرخان) دېگەن خەتلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. كۈمۈش پۇل بېسىلغاندا 1 - قۇردىكى 1 - سۆز تغلق (تۇغلۇق) ئانچە تولۇق چىقمىغانلىقى ئۈچۈن (س) شەكلىدە (يەنى ئەرەبچە 1 - بوغۇمدىكى «تغ»نىڭ ئىككى چېكىتى بىلەن «غ» نىڭ ئەگمىچى، 2 - بوغۇمدىكى «لق»(لۇق) نىڭ ھەرپىنىڭ بىر قىسمى بىلەن «ق» نىڭ ئىككى چېكىتى كەم) بولۇپ قالغان.

ئارقا يۈزىنىڭ قىرغىقى بويلاپ 1 - قۇرىغا چىقىرىلغان چەمبەر سىزىقى بىلەن گۈل - نەقىشلەر ئالدى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پۇلنىڭ ئارقا يۈزىدىكى 2 - قۇرغا چۈشۈرۈلگەن ئەرەبچە «المالغ» (ئالمالىق) دېگەن خەت بىلەن 3 - قۇرىغا چۈشۈرۈلگەن ئەرەبچە رەقەم ٥٠ * V (يەنى ھىجىرىيە 750 - يىلى مىلادى 1349 - 1350 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ ① 15 - رەسىمگە قاراڭ.)




(15 - رەسىم: ئالمىلىق خارابىسىدىن تېپىلغان كۈمۈش پۇل)

پۇلنىڭ 1 - قۇرىدا «سكد» (؟) دېگەن ئەرەبچە خەت (مەنىسىنى ئۇقىقىلى بولمىدى)، پۇلنىڭ ئوڭ يېنىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ چۈشۈرۈلگەن بىر قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خەت بار. كۈمۈش پۇللارغا چۈشۈرۈلگەن «تۇغلۇق تۆمۈرخان خاقان ...»، «ئالمالىق» دېگەن سۆزلەر قەدىمكى شەھەر ئالمىلىقتا ھۆكۈم سۈرگەن «تۇغلۇق تۆمۈرخان» نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى شەھەر ئالمىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى، مەدەنىيىتى، شان-شۆھرىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدا دۇنياغا تونۇلغان، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ،

① ئەرەبچە رەقەم * (٥) تازا ئېنىق ئەمەس، شۇڭا ھازىرچە تەخمىنەن ھېسابلاندى.

كېيىنكى دەۋرلەردە ھەر خىل تارىخىي سەۋەب-لەر تۈپەيلىدىن، ئاخىرى خارابىلىققا ئاي-لىنىپ كەتتى. بۇ شەھەر گەرچە خارابىلىققا ئايلىنىپ خەرىتىدىن ئۆچۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى زاماندا ئوت-تۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بولۇپمۇ ئىلى ۋادى-سىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوي-نىغان مۇھىم تارىخىي تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى شەھەر ئالمىلىق خارابىسى بىلەن ئەمدى تونۇشتۇر-ماقچى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى— ھازىرغىچە يەر ئۈستىدە ساقلىنىپ تۇرۇ-ۋاتقان بىردىنبىر قىممەتلىك تارىخىي مە-دەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ ھېسابلى-نىدۇ. «مازار» بىلەن «خارابە» مەيلى ئۆزى-نىڭ تارىخىي يادىكارلىق قىممىتى جەھەتتە بولسۇن ياكى تارىختىكى ئورنى ۋە تارىخىي مۇناسىۋىتى جەھەتتە بولسۇن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇ ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتىدا بىر-بىرىنى تەبىئىي ھالدا تولۇقلايدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى بۇ ھەشەمەتلىك مازارغا دەپنە قىلىنغان موغۇلىستان* پادىشا-ھى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى بولۇپ ھىجرىيە 730 - يىلى (مىلادى 1329 - يىلى) تۇغۇلغان. موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە، تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، ئىسەن بۇقاخان ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەق-قىدە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان:

«...ئەمىر بولاجى دوغلات ئاقسۇدا ھۆكۈمران ئىدى، بۇ چاغدا چىڭگىزخاننىڭ ئالتىنچى ئەۋرىسى ئىسەن بۇقاخان دېگەن تەختتە ئول-تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى تۇغماس ئىدى، كىچىك خوتۇنى بولسا خاندىن ھامىلدار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسەن بۇقاخان ئوۋغا كېتىپ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا دوختۇي (دوختۇي) قەبىلىسىنىڭ شىراۋۇل دېگەن بىر كاتتا ئەسىراسى توقسەن تارتۇق بىلەن خانغا كۆرۈنۈشكە كەپتۇدە، خاننى كۈتۈپ بىرقانچە مۇددەت تۇرۇپ قاپتۇ. خان يەنىلا كەلمەپتۇ. خاننىڭ چوڭ خاتۇنى كۈندىشىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى سېزىپ، خاننىڭ كەلمىگەنلى-كىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا رەشكى-ھەسەت قىلىپ، ئۇنى شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ يولغا سېلىپتۇ. موغۇللارنىڭ قائىدە - رەسمى بويىچە، چوڭ خاتۇنى كىچىك خاتۇنىنى خالىسا ساقلايتتى ياكى خالىسا باشقا ئەرگە بېرەتتى...»

بۇ رىۋايەتنىڭ داۋامىدا يەنە ئىسەن بۇ-قاخان ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىچىك خاتۇنى مەڭلىكنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇنى چوڭ خاتۇنى شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ يولغا سالغانلىقىنى ئاڭلاپ: «مەڭلىك مەن-دىن ھامىلە ئىدى، ئوبدان بولماپتۇ» دېگەن-لىكى، خاننىڭ ئوغلىنىڭ يوق ئىكەنلىكى،

* موغۇلىستان — مىلادى 1348 - يىللار ئەتراپىدا چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن ئالمىلىق شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان خانلىق. تارىخنامىلەردە «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ زېمىن دائىرىسىگە شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ، بالقاش كۆلى (كاتتا دېڭىز) غىچە، غەربتە فەرغانە ئويمانلىقى، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرى، شەرقتە قۇمۇلنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلار كىرەتتى. مىلادى 1514 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلدى.

ئاز پۈرسەتتىن كېيىن خاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەن بۇقاخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، چاغاتاي ئەۋلادى بىلەن تولۇي ئەۋلادى ئۆز ئارا جەڭ ـ جېدەللەر قىلىپ بىر ـ بىرىدىن بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇدىكى ئەمىر بولاجى دوغلات بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنى كۆرۈپ ئۆز ئەمرالىرىغا: «خان ئەۋلادىدىن بىرەرسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئەتائىتىدە بولساق، خان ئۆز ئۇرۇقىدىن بولمىسا، پۇقرالارغا پاراۋانلىق، يۇرتقا تىنچلىق بولۇشى مۇشكۈل» دەپ مەسلىھەت سالىدۇ. ئۇلار: «ئەسەن بۇقاخاندىن كىچىك خاتۇنى مەڭلىك ھامىلدار ئىدى، ئەگەر ئۇ ئوغۇل تۇغقان بولسا (شۇ چاغدا ئەسەن بۇقاخاننىڭ شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ بېرىۋېتىلگەن كىچىك خاتۇنى مەڭلىك راستىنلا ئوغۇل تۇغقانىدى ۋە ئۇنىڭغا تۇغلۇق تۆمۈر دەپ ئات قويغانىدى) ئىزلەپ كېلىپ خان قىلىپ كۆتۈرسەك» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ مەسلىھەت ماقۇل كۆرۈلۈپ، مىرزا تاش تېمۇر دېگەن ئەمراسىنى يولغا سالىدۇ. مىرزا تاش تېمۇر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاخىرى مەڭلىك خاتۇن بىلەن كۆرۈشىدۇ-دە، ئۇنىڭغا بارلىق ۋەقەنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مىرزا تاش تېمۇر تۇغلۇق تۆمۈرنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ، ئەمىر بولاجىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

«بۇ چاغدا خان (تۇغلۇق تۆمۈر) ئون تۆت-ئون بەش ياشلاردا ئىدى. ئەمىر بولاجى يۇرت بەگلىرىنى ھازىر قىلىپ، ئوبدان سائەتتە ئۇنى تەختكە چىقاردى. خان (تۇغلۇق تۆمۈر) ئەمىر بولاجىنىڭ قىلغان بۇ خىزمىتى ئۈچۈن، ئۇنى بەگلەر بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ يەنە ئاتائى ـ ئەجدادلىرىدىن مىراس بولۇپ كەلگەن ئۈچ مەنسەپكە يەنە ئۈچ مەنسەپ جۇلدۇ ـ جاساق قىلىپ، قوللىرىغا يارلىق نىشانە بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن بەردى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئەمىر بولاجى بۇيۇكلۈك ئالەمگە پەرۋاز قىلدى. خان ئەمىر بولاجىنىڭ مەنسەپىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدادقا بېرىپ، ئۇنى «جايساڭ، يەنى ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى قىلدى. بۇ ئۆزبېك تىلىدا «بەگلەر بېگى»، قىرغىز، قازاق تىلىدا «ئېل بېگى»، ياكى «ئۇلۇس بېگى»، ئەرەبچە «ئەمىرۇلئەمىرۇلجەيىش» دېگەن سۆز بولىدۇ.» (موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى»دىن)

دېمەك، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئون بەش يېشىدىن تارتىپ، يەنى مىلادى 1346 ـ يىلىدىن باشلاپ تەختتە ئولتۇرۇپ«يىگىرمە تۆت يىل چاممىدا مەۋلانە ئەرشىددىن ۋەلىيۇللانىڭ قولىدا ئىسلام دىنىنىڭ سائادەت شەرىپىگە ئىگە بولدى» (موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى»دىن). تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ قوۋمى ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ـ يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇرلاشقان ھەمدە شۇلارنى تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

«چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، پەقەت ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر يەنى ئاساسەن موڭغۇل ۋاكىللىرىلا غەيرىي مۇسۇلمان بولۇپ، گويا ئوكيانىدىكى بىر پارچە ئارالدەك يېگانە ھالەتتە تۇرغانلىقى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاغاتاي خاندانلىقى پۈتكۈل پۇقرالارغا يېتەرلىك تەھدىت بولغۇدەك مۇتلەق ئۈستۈن قوراللىق كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، روھىي ۋاسىتىگە مۇراجىئەت قىلىش بۇ خاندانلىق ئۈچۈن بىر خىل ئەمەلىي ئېھتىياج

بولۇپ قالدى. تارىخ قايتا - قايتا دەلىللەپ بەرگەندەك، بۇنداق تارىخى شارائىتتا، تۇغلۇق تۆمۈر ئۆز ئەجدادلىرى ئەقىدە باغلاپ كەلگەن دىندىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر بولدى.» (لىيۈزشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم 573 - بەتكە قاراڭ).

تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي خاندانلىقىدا ئەڭ قابىلىيەتلىك خاقان ئىدى. ئۇ، چاغاتاي خاندانلىقى تارىخىدا خېلى ئىجابىي رول ئوينىغان. ئۇ ئىسلام قائىدىلىرى بىلەن يەرلىكنى بىرلەشتۈرۈپ مۇكەممەل قانۇن تۈزگەن. شۇڭا، ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، تەرەققىيات تېز بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدا، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغان ھەر خىل ئەمىر - بەگلەر تەيىنلىنىپ، سىستېما بويىچە دۆلەت باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان.

مىلادى 1359 - 1362 - يىللار ئارىلىقىدا غەربىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەسى (ماۋەرائۈننەھىر رايونى)دە ئۆزلۈكسىز قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەردى. شۇڭا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە غەربىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن 20 نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. مىلادى 1362 - يىلى ماۋەرائۈننەھىر رايونىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، تەسىر كۈچىنى تاكى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغىچە كېڭەيتتى. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجىنى ماۋەرائۈننەھىر (سەمەرقەند) رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزى بىلەن ئىسمىداش يەنە بىر تۆمۈر (تارىختا تۆمۈرلەڭ، ئاقساق تۆمۈر دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى ئىلياس خوجىغا ياردەمچى ئەمىر قىلىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلخ رايونىغا ھاكىملىققا تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ غەربىي ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن «موغۇلىستان» نامى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

مىلادى 1363 - يىلى* تۇغلۇق تۆمۈرخان 34 يېشىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتى ئالمىلىققا دەپنە قىلىنىپ، ھەشەمەتلىك مازار ياسالدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى چوڭ مازار يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بويىچە ناھايىتى كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان. مازارنىڭ ئالدى (تەكشى يۈزى) تۆت چاسا، خىش قۇرۇلما، ئوتتۇرىسى گۈمبەز تۈرۈسلۇق بولۇپ، ئېگىزلىكى 23 مېتر، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 67 مېتردىن ئارتۇق كېلىدۇ. مازارنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇشىغا پىشىق خىش ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى ئۇنىڭ ئالدىنى يېزىش ئۈچۈن يېشىل رەڭلىك نەپىس كاھىشلار ۋە تۆت خىل رەڭ 12 خىل ئۇيغۇر نەقىشلىرىدىن تەركىب تاپقان كاھىش - نەققاشچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ئىشلىتىلگەن. بىر تالمۇ لىم ياكى تۈۋرۈك ئىشلىتىلمىگەن گۈمبەز شەكلىدىكى بۇ ھەشەمەتلىك مازارنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى كىچىك ئىشىكلىك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق مازار ئۈستىدىكى ئوچۇق سۇپا (2 - قەۋەت)غا چىققىلى بولىدۇ. مازارنىڭ ئىشىكى (ئالدى) شەرققە قارايدۇ. مازارنىڭ ئىشىك پېشانىسى، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىكە مەخسۇس ئاق كاھىشتىن

* بەزى ماتېرىياللاردا 1364 - يىلى دەپ يېزىلغان.

تەييارلانغان ئەرەبچە خەت - ئايەتلەر ئورۇن-لاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بىنەپشە، كۆك، يېشىل كاھىشتىن ئىشلەنگەن چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مازارنى تېخىمۇ چىرايلىق تۈسكە ئىگە قىلغان. (16 - سۈرەتكە قاراڭ.)



(16 - سۈرەت: تۇغلۇق تۆمۈرخان مازارى)

مازارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەرەبچە خەتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ قىلىنغان تەرجىمە مەنىسى: «ئۇلۇغ پادىشاھىم! سىز ئۇلۇغۋار ئىش - ئىلتىپاتىڭ دېڭىزىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسىدۇرسىز، ۋەلىي غالىب، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر-سىز، ئاللانىڭ ئالىي كالامى (قۇرئان)غا سادىق بەندىسىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ شان - شەرىپى ۋە ئىپتىخارىدۇرسىز».

مازارنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەرەبچە خەتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ قىلىنغان تەرجىمە مەنىسى: «پادىشاھىمىز ... نىڭ خانىشى بېتقالىخە (خانىش)گە بېغىشلايمىز: گۇناھ-كارلىرىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، دەۋرىمىزنىڭ خانىشى، زامانىمىزنىڭ بىلقىسى *، ئەقىل-پاراسەتلىك، دىيانەتلىك، دۇنيادا ئاياللار ئىچىدە تەڭدىشى يوق بېتقالىخە خاتۇننىڭ شانۇ - شەۋكىتى مەڭگۈ ساقلانغاي، ئۆمرى چەكسىز ئۇزۇن بولغاي، مەغرىبتىن - مەش-رىققىچە ئەبىدىل ئەبەد ياشىغاي...» * *

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئوڭ يېنىغا يانداش سېلىنغان يەنە بىر ھەشەمەتلىك گۈمبەزلىك قەبرە (ئۇنىڭ ئالدى ۋە ئەترا-پىغا ھەر خىل گۈل نەقىش، بېزەك، كاھىشلار تېخى ئىشلىتىلمىگەن پېتى قۇرۇلۇش توختاپ قالغان) بەلكى بېتقالىخە خاتۇن (خانىش) نىڭ مازىرى بولۇشى مۇمكىن. تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مەدەنىيەت يا-دىكارلىق ئورۇنلىرىدىن باشقا، غۇلجا ناھىيىسى تەۋەسىدە يەنە سۇلتان ئۇۋەيس خان مازىرى بار. ئۇۋەيس خان - تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرى-پىدىن قۇرۇلغان «موغۇلىستان» خانلىقىنىڭ 5 - پادىشاھى بولۇپ، ئۇ خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇۋەيس خان مىلادى 1418 - يىلى تەختكە چىقىپ خانلىق نامىنى «ئىل بالىق»قا ئۆزگەرتكەن. ئۇ مىلادى 1428 - يىلى جەڭدە قازا تاپقاندىن كېيىن، ئابرال تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بور-بۇسۇن غولىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنغانىكەن.

---

* بىلقىس - سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ گۈزەل خانىشى. ** ئايەتلەرنى يولداش چېن جېڭگو ئۆزىنىڭ «يىۋەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىدىغان چاغدا تىلشۇناس، شائىر ئىمىن تۇرسۇن ۋە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى مىللىي تىل فاكۇلتېتىدىكى لىۋشۇجېنلار تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىكەن. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى چېن جېڭگونىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن قىسمىدىن ئالدىم (ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1984 - يىل 12 - سانىغا بېسىلغان).

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇۋەيس خاننىڭ ھازىرقى مازىرى 1876 - يىلى شۇ زاماننىڭ زاتلىرىدىن قەمەردىن خەلپەم، ۋېلىباي يولداشوپلار تەرىپىدىن قايتا رېمونت قىلىنىپ ياسالغانىكەن.

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېتىكىدىكى خونىقاي غولىدا «خونىقاي مازىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان يەنە بىر مازار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چاغاتاي خاندانلىقى دەۋرىدە ئالىملىقتا تۇرۇپ، خاندانلىقنىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىنىڭ مازىرى ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پېشقەدەم تارىخچى ۋە يازغۇچى مەرھۇم تېيىپجان ھادى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىپ يازغان ئىلمىي ئەسەر - ماقالىلىرىدا ئىلى تارىخىغا ئائىت، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلىدا ياسالغان ئەلاھىددىن باغدادى (غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى تېرەك مازار) مازىرى، غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى سەئىد كامالىددىن مازىرى (1867 - يىلى ياسالغان بولۇپ، «چوكان مازار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بەيتۇللا مەدرىسى ۋە باشقا بىر قانچە ئاتاقلىق مەسچىت، خانىقا، ئىبادەتخانا، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى، غۇلجىدىكى مەشھۇر تۆت باغ (ھەيرانباغ، گۈلشەنباغ، روشەنباغ قاتارلىقلار)، بايانداي سېپىلى، سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى، ئاق ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى، غۇلجىدىكى «يۈز»لەر ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، ئىلى تەۋەسىدىكى بىر مۇنچە مەشھۇر جايلارنىڭ ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە باشقىلار توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى قىسقارتتىم.

## پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار

1. 1958 -، 1961 -، 1963 -، 1983 -، 1986 - يىللاردا ئىلى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە مەن ۋە مەرھۇم تۇرسۇن نەييا، مەرھۇم ئوبۇلقاسىم ھاجى، ئىسمائىل جېلىل، ھەسەن ئابدۇرېھىم قاتارلىق كەسىپداشلار يازغان تەكشۈرۈش دوكلاتى، دالا تەكشۈرۈش خاتىرىسى، بىر قىسىم ئارخىپ ماتېرىياللار؛

2. سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، «ھونلار تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى؛

3. ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خاندانلىقى»، خەنزۇچە، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1961 - يىلى نەشرى؛

4. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى؛

5. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل 12 - ئاي نەشرى (ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان)؛

6. ۋاڭ مىڭجېي: «ئىلىقا ئۇراسايدىكى قەدىمكى مىس كانىنىڭ تېپىلىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1986 - يىل 1 - سان، خەنزۇچە 18 - بەت؛

7. ئابدۇقەييۇم خوجا: «شىمالىي شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى 1962 - يىل، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى خەنزۇچە 7-، 8 - سان؛

8. ئابدۇقەييۇم خوجا: «كۆجەي قىيا تاش رەسىملىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1989- يىل 5 - سان؛

9. «ئېسىك : ‹ئىششىك› قەبرىسى» ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش تەكشۈرۈش دوكلاتى، [illegible] «سەنئەت» نەشرىياتى، 1978 - يىل نەشرىنىڭ تۇرسۇن رىشات ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئورگىنال نۇسخىسى؛

10. ب.گ. غاپۇروپ: «تاجىكلار تارىخى» 1- قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988- يىل نەشرى؛

11. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983- يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دېموكراتىيە شوخلۇقى





(ھېكايە)

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

قەندەلەتچىلىكتە بوۋامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈدىغان ئادەم بولمىغانىكەن. ئاتام رەھمەتلىك دىتى بار ئادەم بولغاچقا، بوۋامنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەندەلەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

دۈكىنىمىزنىڭ يېنىدىكى تۈنىكىچى ئىچى تار ئادەم بولغاچقا، ئاتام بىلەن قېرىشىپ ئۆز خېرىدارلىرىنىڭ ئېشىكىنى قەستەن دۈكىنىمىزنىڭ ئالدىغا باغلىتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئاتامنىڭ ئاچچىقى كەلدى - دە، تۈنىكىچىلىك ھۈنىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان تۈنىكىچىمۇ قەندەلەت سېتىشقا باشلىدى. ئۇدۇلىمىزدا بىرگەزمالچى بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە يۇندىسىنى قەندەلەتخانىمىزنىڭ



ئالدىغا شالاپلىتىپ تۆكۈلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ چاغدا مەن كىچىك بالا ئىدىم.

ئاتام:

— بەرسى دۈكىنىمىزنىڭ ئالدىغا ئۇيۇشمىغىنى باغلىسا، يەنە بەرسى يۈز دىسسىمىنى تۆكسە، نېمە دېگۈلۈك؟ ئەمدى مېنىڭ قىلمىغىنىمنى كۆرسۇن! — دەپ ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى تېخىچە يادىمدا.

ئاتام ئۇ گەزمالچى بىلەن قېرىشىپ ئىستامبۇلدىن ئېسىل گەزلىمىلەرنى ئالغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن دۈكىنىمىزدا تاتلىق يېمەكلىكلەر بىلەن قەلەي بويۇملىرىدىن باشقا، خىلمۇخىل ئېسىل رەختلەرمۇ سېتىلىدىغان بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتام سول تەرىپىدىكى موزدوز بىلەن ئېتىشىپ قالدى. نەتىجىدە، دۈكىنىمىزغا ئىستامبۇلدىن ئېسىل ئاياغ كىيىملەر كېلىدىغان بولدى. ئىمپورت قىلىنغان ئايالچە ئاياغ كىيىملەرنىڭ سەرخىللىرى پەقەت بىزنىڭ دۈكىنىمىزدىنلا تېپىلاتتى.

ئاتام ۋاپات بولغاندا دۈكىنىمىز بۇ دۇنيادا بار بولغان جىمىكى ماللارنىڭ ئەۋرىشكىسى تېپىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. خۇدا ماڭا يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى ئاتا قىلغانىكەن، قەلىمىمنى سىناپ بېقىشقا بەل باغلىدىم.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىدىم، ئەمما تازا بېرىلىپ شېئىر يازدىم. يازغانلىرىمنى سورىسىڭىز ئۈچ دەپتەرگە تولغان شېئىرىم بار. لېكىن ياخشىراق بىر نېمە يېزىشقا قولۇم بارمىدى، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى شائىرلىقنى چۈشەنمەيدۇ - دە.

ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنىدىغان بىر ژۇرنالغا شېئىرلىرىمنى ئەۋەتكەنىدىم، خېلى يارىتىپتۇ، بەزى ئۇششاق - چۈششەك كەمچىلىكلىرىنى تۈزەپ بەرسىڭىز باسىمىز، دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ قىمقىزىلى يالغانلىقىنى بىلمەيمەن، تالانتىمنى كۆرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرلىرىمنى باسمىغان - دە.

«يۇرتىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن ماۋزۇدا يىگىرمە ئىككى بەتلىك بىر ماقالە يېزىپ، گېزىتلەردىن بىرىگە ئەۋەتتىم. ئۇ ماقالەم بىرەر ئەقىللىق تەھرىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدە باش ماقالە ئورنىدا بېسىلىپ چىقىشىغا ئىشەنچەم كامىل ئىدى.

بىر كۈنى بىر ئاغىنەم «گېزىتتە ماقالەڭ بېسىلىپتۇ» دېمەسمۇ، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. گېزىتلەرنى تەتۈر پەشلىرىدىن چېكىتلىرىگىچە ھەجلەپ ئوقۇغانىدىمغۇ، نېمىشقا كۆرمىدىم - ھە. ئەمما شۇنداقتىمۇ چاندۇرمىدىم:

— بوش ۋاقىتلىرىمدا ئاز - تولا يېزىپ تۇرىمەن. نۇرغۇن تەھرىر بۆلۈملىرىدىن ئىلتىماسلار كېلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارغا نەدە ۋاقىت دەيسەن. ماقالەم قايسى گېزىتتە بېسىلىپتۇ؟

ئاغىنەم قولىدىكى گېزىتنىڭ بەشىنچى بېتىنى ئېچىپ، «مۇشتەرىلار بىلەن سۆھبەت» دېگەن سەھىپىنى كۆرسەتتى. ئەزىمەتلەر يىگىرمە ئىككى بەت ماقالەمنى بەش قۇرغا يىغىنچاقلاپتۇ. تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئىسمى شەرىپىمنى ۋە تۇرار جايىمنى يېزىپ «ۋەتەنداشلىرىمىزدىن بىرى يۇرتىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بىلىملىك بولۇشنى ۋە قەنت زىرائىتىنى تېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ» دەپتۇ. بۇ سۆزلەرمۇ مېنىڭ ئەمەس، ئۇنى ئۆزلىرى توقۇغان. كېلىشتۈرۈپ رەددىيە يازماقچى بولدۇم، لېكىن تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنى خاپا قىلىپ قويسام، ئىككىنچىلەپ ئەسەرلىرىمنى گېزىتكە يېقىن يولاتمايدۇ، دەپ قورقتۇم. بەش قۇر بولسا بولمامدۇ، شۇنىڭغىمۇ چىچاڭشىش كېتەمدۇ. بۈگۈن بەش قۇر

www.uyghurkitap.com

بولسا، ئەتە ئالتە، ئۆگۈن ئاتمىش قۇر بولۇپ قالار.

گېزىتتە ئىسمى چىقىش ئاجايىپ ئىش ئىكەن. ئاتا مىراس قەندەلەتخانامدا تاتلىق تۇرۇم سېتىش بىلەن، گېزىتتە ئىسمىم چىقىشىنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ. دەرھال ئەل-جامائەتنىڭ ئاغزىغا چىقتىم. تەلەپلەرمۇ يېغىپ كەتتى.

— خۇدا مەدەت بېرەر، ئاشۇ باشقارما باشلىقىنى بىر ئەدەبلىمىگىز بوپتىكەن.

— يول ئازابىنى تازىمۇ بىر قاملاشتۇرۇپ يازسىڭىزچۇ.

— ئورمانلارنىڭ قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى يېزىڭا.

مانا، بەش قۇر سۆزنىڭ قۇدرىتى! ئەگەر ئون بەش قۇر بولغىنىدا قانداق بولاتتى؟

يازغۇچى بولىمەن دېگەن ئادەم تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خادىمى بولۇش كېرەك ئىكەن. مەنمۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئۆزۈم بىلىدىغان گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مۇبارەك گېزىتلىرىڭنىڭ تۇنجى سانى چىققان كۈنىدىن باشلاپ زور ئىشتىياق بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن» دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتىم.

ئۇلارنىڭ بىرسىدىن جاۋاب كېلىپ قالدى. بۇ گېزىت يېڭى تەسىس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇخبىرغا ئېھتىياجلىق ئىكەن. بىزگە مۇخبىر بولۇپ كېلىشكە رازى بولامسىز؟ بىر دانە سۈرىتىڭىزنى ئەۋەتىڭ، دەپتۇ. دەرھال سۈرىتىمنى ئەۋەتتىم. مۇخبىرلىق گۇۋاھنامىسىمۇ قولغا تەگدى. دۇكان ئېچىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، مۇخبىرلىققا كىرىشىپ كەتتىم.

مۇخبىرلىقنى بىر خوتۇننىڭ قىزىل ھىلالئاي جەمئىيىتىگە ئەللىك مىڭ لىرا ھەدىيە قىلغانلىقىنى يېزىشتىن باشلىدىم. خەۋىرىم گېزىتكە بېسىلمىدى. كېيىن پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى خەۋەر قىلدىم، ئۇنىمۇ باسمىدى. جىنايى ئىشلارنى يازدىم، يوللارنىڭ رېمونت قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلدىم. ئەنقەرەدىن چوڭلارنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يازدىم — ھېچ نەتىجىسى بولمىدى. يازغانلىرىمنى بەزىدە تېلېفوندا يوللىدىم، بەزىلىرىنى تېلېگرامما قىلىپ ياكى خەت ئارقىلىق يوللاپ تۇردۇم. سورىغانلارغا: «يازغىنىمنى ئەتە گېزىتتىن ئوقۇيسىز» دەپ قويىمەن ـ دە، چىقمىغاندىن كېيىن تازا ئوسال بولىمەن. كېيىنچە تەنە گەپلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

— ھەممىدى ئۆگزىسىنى سىرلاپتۇ، گېزىتكە دەرھال خەۋەر ياز!

— بەكىر ئەپەندىنىڭ ئېشىكى يوقاپ كېتىپتۇ، بۇنى يېزىپ چىق!

بىر كۈنى تەھرىر بۆلۈمىدىن خەت كەلدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «مۇھتەرەم مۇخبىرىمىز! بىزنىڭ مەقسىتىمىز گېزىتىمىزنى بىر ئىدىئال ۋە يۆنىلىشكە قاراتقان ھالدا چىقارماقچىمىز. شۇڭلاشقا، سىز گېزىتىمىزگە بېرىدىغان قىسمىدا ئاز ئۇچرايدىغان خەۋەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرارسىز، دېگەن ئۈمىدتىمىز. ئەپكار ئاممىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇلاردا قىزىقىش تۇغدۇرىدىغان خەۋەرلەر گېزىتچىلىكتە غايەت زور قەدىرلىنىدۇ.

مەسىلەن: بەش ئادەم بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما بىر ئادەم بەش ئادەمنى ئۆلتۈرسە، كېيىن جەسەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ يېيىشكە باشلىسا، بۇ قالتىس خەۋەر ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر مىسال: بىرەر پۇتبول مۇسابىقىسى ۋاقتىدا تاماشىبىنلار رېفېرىنى تۇتۇپ ئۇرغان بولسا، گەپ يوق ئەقلغە سىغىدىغان ئىش. لېكىن تاماشىبىنلار رېفېرىدىن تاياق يېگەن بولسا، بۇنداق خەۋەرنى ئەتىۋارلاپ بېسىپ چىقىرىمىز. يەتمىش ياشلىق بوۋاي تۇساتتىن خوتۇن كىشىگە

ئايلىنىپ بەش بالا تۇغۇپتۇ. دېگەنگە ئوخشىغان ئاز ئۇچرايدىغان، قەلەمگە ئېلىنمىغان ھادىسىلەرگە بەك موھتاجمىز. زامانىۋى روھتا چىقىدىغان گېزىتىمىزنىڭ بىر ۋەكىلى سۈپىتىدە، بۇ ئىزاھلىرىمىزنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، بىزگە ياخشى خەۋەرلەرنى يوللاپ تۇرارسىز، دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئىشىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.»

خەتنى ئوقۇپ چىققىنىمدىن كېيىن كۆزۈم راستىنلا ئېچىلدى. بۇرۇن ئەۋەتكەن خەۋەرلىرىمدىن بىرەرسىنىڭمۇ نېمىشقا بېسىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم. مەنمۇ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي دەرھال ئاز ئۇچرايدىغان ئۆزگىچە خەۋەرلەرنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ئەمما قانچە قىلساممۇ، بۇنداق خەۋەرنى ھېچ تاپالمىدىم. قىزىق، گېزىتلەر ئاز ئۇچرايدىغان خەۋەرلەرنى نەدىن ئېلىشىدىكىن. ئەل- ئاغىنىلەر ئالدىدا خىجالەتچىلىكتىن كوچىغىمۇ چىقالمايدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئۆيدە، دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرغىنىمدا، سەل نېرىدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ قويغا كۆزۈم چۈشتى. يېڭى قوزىلىغان بۇ قويلارنىڭ ئارىسىدا ئېشەكمۇ يۈرەتتى. ئىلھامىم جۇش ئۇردى. دەرھال قولۇمغا قەلەم ئالدىم. يازغان نەرسەمنى تېلېگرامما قىلىپ دەرھال تەھرىر بۆلۈمىگە يوللىدىم. ئۇ ئەتىسىلا گېزىتنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە بېسىلىپ چىقتى. «ئېشەك قوزىلىدى» سەرلەۋھىلىك ماقالەم شۇنداق باشلىناتتى: «مۇخبىرىمىز خەۋەر قىلىدۇ: تۈنۈگۈن بىزنىڭ شەھەردە قىرىق بەش چىشلىق بىر ھاڭگا ئېشەك ئىككىنى قوزىلىدى. قوزىلارنىڭ بىرى بۇلبۇلدەك سايرىسا، يەنە بىرى گاس - گاچا تۇغۇلغان. ھاڭگا ئېشەك ئىككىلا قوزىسىنى قۇيرۇقىدىن ئېمىتىدۇ. شۇ يەرلىك قېرىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يۇرتىمىزدا دېموكراتىيە قۇياشى چاقناپ چىققاندىن بېرى بۇنداق ھادىسە بولۇپ باقمىغانىكەن، دېمەك. ھاڭگا ئېشەكتىن ئىككى قوزا تۇغۇلۇشى ياخشىلىق ئالامىتىدۇر.»

مۇخبىرلىق ئىشەنچىنى تىكلىۋالدىم. تۇنجى مۇۋەپپەقىيەت ئادەمنىڭ كۈچىگە كۈچ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشىدىكەن. «ئاسماندىن بېلىق ياغدى» دېگەن ئىككىنچى خەۋىرىم گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدە بېسىلىپ چىقتى: «مەخسۇس مۇخبىرىمىز خەۋەر قىلىدۇ: تۈنۈگۈن بىزنىڭ شەھىرىمىزدە مۆلدۈر ئورنىغا ئاسماندىن چورتان بېلىق بىلەن يىرتقۇچ بېلىق ياغدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئاز دېگەندە ئالتە-يەتتە كىلو كېلىدۇ. بېلىقلارنىڭ ئىچىدىن تۈرلۈك تائاملار چىقتى. ئىككى سائەت داۋام قىلغان بېلىق يامغۇرى نەتىجىسىدە زىرائەتلەر بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەر زەخىملەندى. ئەگەر يەنە شۇنداق يامغۇر ياغىدىغان بولسا، بۇ يىل ئاچارچىلىق باشلىنىشى مۇمكىن. مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر كەلگۈسىدە بېلىق يامغۇرىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، ئاسمانغا قارماق ئورنىتىشقا ۋەدە بېرىشتى.»

خەۋەرلەرنى قاتۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ قالدىم. بىر ئادەم ئۆكۈزى بىلەن موھەببەت باغلىدى، بىر خوتۇن بوۋاق ئورنىغا پاقا تۇغۇپ قويدى، دېگەندەك خەۋەرلىرىم كەينى-كەينىدىن بېسىلىپ چىقتى. گېزىتنى ئوقۇغان ئادەم بىزنىڭ ۋىلايىتىمىزدە غەلىتە ئادەملەر ياشايدىكەن، ھايۋانلىرىمۇ باشقىچە ئىكەن، دېگەن ئويغا كېلىشى تۇرغان گەپ. چۈنكى بىزنىڭ ئىنەكلەر سەككىز باشلىق موزاي، بايتاللىرىمىز ئىككى قۇيرۇقلۇق تاي، ئاياللىرىمىز بولسا، يېرىمى ئۆكۈزگە، يېرىمى دېۋىگە ئوخشايدىغان مەخلۇق تۇغىدۇ.

قىسقىسى، سوددىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، مۇخبىرلىق قىلىشقا ئۆتۈۋالدىم. يازغان نەرسىلىرىمگە ئەمدى ھەق كېلىدىغان بولدى. خەۋەرلىرىمنىڭ باھاسىمۇ ئاستا - ئاستا ئېشىشقا باشلىدى. مېنىڭ خەۋەرلىرىم بېسىلىپ تۇرغاچقا گېزىتنىڭ تىراژىمۇ كۆپەيدى.

ئالتە ياشلىق قىزچاق يېشى ئوتتۇزغا يەتكەن چوپچوڭلا ئەر كىشىنى تاغقا ئېلىپ قاچقانلىقى، يەتمىش ياشلىق بىر موماي ئون ياشلىق بالىنى ئۆيىگە سولاپ تېگىۋالغانلىقى ھەققىدە ئىككى خەۋىرىم گېزىتكە چىققان كۈنى ۋىلايىتىمىزگە پايتەختتىن چوڭ بىر ئەمەلدار كەلدى. بۇ ئەمەلدار ماڭا ياقانلىقى ئۈچۈن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھەقىقەتنى يېزىپ گېزىتكە ئەۋەتىشكە نىيەت قىلدىم. نامى چىققان مۇخبىر بولغانلىقىم ئۈچۈن، ماقالەمنىڭ بېسىلىپ چىقىشىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. شۇ كۈنى بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق بىلەن ئەينەن يېزىپ ئەۋەتتىم، ئۆزۈمنىڭ تىلىدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قوشمىدىم. نېمىشقا دېگەندە پارتىيە ھەققىدە، ئەل - يۇرت ھەققىدە گەپ سۆز بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىشقا ھەددىم يوق ئىدى - دە.

مۇخبىرلىق ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم تەھرىر بۆلۈمىگە ھەقىقىي — چىن ۋەقەنى يېزىپ ئەۋەتتىم. شۇ خەۋىرىم گېزىتكە بېسىلىپ چىققان كۈنى مېنى قولغا ئالدى. «چېچى چۇشۇرۇلگەن دېموكراتىيە شوئۇقارى تۇرمىدە» دەپ گېزىتلەردە چىققان سۈرەتنى كۆرگەن بولسىڭىز كېرەك. مۇخبىرلىق كەسپىمگە خىيانەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، تۇرمىگە چۈشكەن بولسام، «دېموكراتىيە شوئۇقارى» دەپ نام ئالدىم. ئەسلىدە ئۆزۈمگىمۇ مۇخبىرلىق تەس كېلىپ تۇراتتى، مانا ئەمدى يېڭى نامىمۇ ئېرىشتىم. ھازىر قاماق مۇددىتىمنى تۈگىتەي دەپ قالدىم.

يازغۇچىنىڭ ئۆزبېكچە «غارايىپ بالىلار» ناملىق توپلىمىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:

ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ

(بېشى 79- بەتتە)

* * *

قابىلىيەتلىك ئادەمنى تەربىيىلىمەسلىك — زالىملىق؛ قابىلىيەتسىز ئادەمگە بولسا، تەربىيەت قىلىش بىھۇدە. ئالدىنقىسىدىن تەربىيەڭنى ئاياپ نابۇت قىلما، كېيىنكىسىگە تەربىيەڭنى زايا قىلما.

* * *

ئالىم كىشى بىر جاھىلنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە مۇلازىم قىلىشنى خالىسا، بۇ، ئالىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەتتۇر. ئالىم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلمىنىڭ دەرىجە ۋە سالمىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم، گۆھەرنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تاشقا ئۇرۇش ھاجەت ئەمەس.

* * *

گۆھەر پاتقاققا چۈشكىنى بىلەن قىممىتى كېمەيمەس؛ كۆز مونچاقنى تاجغا تاققان بىلەن فىرۇزە ئورنىنى تۇتالماس ۋە ھېچكىم ئۇنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئۇنتۇماس.

* * *

بىلىم ئىگىلىمەك — ئىقتىدارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر، ئەمما بايلىق ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس ... ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم — ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشايدۇ.

* * *

نادانىنىڭ زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم، نادانىنىڭ ئىشى تەكەببۇرلۇق، غادىيىش؛ خىيالىدا يۈز خىل بىھۇدە تەشۋىش ... ئۇ، جاھىللىقىدىن خەلققە زىيان يەتكۈزۈشتىن ئۆزگە ھېچنېمىنى ئويلىماس.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى

www.uyghurkitap.com




## هېكمەتلەر

ئەلشىر ناۋائى

### سۆز ھەققىدە

زالىم، بىدەرد — بىغەم كىشىلەر سۆھبىتىدە سۆز قىلماقنى تەرك قىل؛ چېقىمچى ۋە نامەرد ئادەملەرنىڭ سىلىق — ياغلىما گېپىگە ئالدانما.

❊ ❊ ❊

ئۆزى خۇنۇك، گېپى تۇتۇرۇقسىز، تاۋۇشى بىنەپەس ئادەم پاقىغا ئوخشاشتۇر. ئادەمگە بەخت ئاتا قىلغۇچى ساپ روھنىڭ مەنبەسىمۇ تىل؛ نەسلىك — يامانلىق يۇلتۇزىنىڭ چىقار جايىمۇ تىل. تىلىنى باشقۇرالىغان ئادەم — دانىشمەن، ئاقىل؛ سۆزگە ئەرك بەرگەن ئادەم — ئېتىبارسىز ۋە قەدىرسىزدۇر.

❊ ❊ ❊

ئاز گەپ قىلماق — ھېكمەتكە سەۋەب؛ ئاز يېمەك — ساقلىققا سەۋەب. ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك — نادانىنىڭ ئىشى؛ ئالدىغا كەلگەننى يېمەك — ھايۋاننىڭ ئىشى.

❊ ❊ ❊

كۆپ سۆزلىگۈچى، كۆپ يېگۈچى — دوزاققا كىرىشكە ئالدىرىغۇچىدۇر. سۆزلەشكە ئامراق، يېمەككە قىزىق بولغان ئادەم بىلىم شاراپىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ھەسەتچى — بىمار، بەلكى ھالاكەتلىك دەردكە گىرىپتاردۇر. ئىغۋاگەر ۋە غەيۋەتخور — نىجاسەت يېگۈچى. نەشەخۇمار بەڭگى — ئىنسانىيەتچىلىك نومۇسىنى يەرگە ئۇرغۇچى. تاماخور — ئۆز ئۆمرىنى زايە قىلغۇچىدۇر.

❊ ❊ ❊

كىمىكى يالغان سۆزنى بىراۋغا دۆڭگىسە، ئۆز يۈزىگە قارا سۈركىگەنلىكتۇر. ئازراق يالغانمۇ چوڭ گۇناھتۇر؛ بىر چىمدىم زەھەرمۇ ھالاك قىلغۇچىدۇر.

### دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ھەققىدە

ھايىسىز — دوستلۇققا يارىماس؛ پاسىقسىرداشلىققا يارىماس ... ياسانچۇق — مەردانە بولماس؛ كېپىنەك — پەرۋانە بولماس. دوستىنىڭ جاپاسىدىن ئېگىرىما؛ دۈشمىنىنىڭ زۇلمىدىن زارلىما.



www.uyghurkitap.com

* * *

ئىشق — پارلاق يۇلتۇزدۇر، بەشەرىيەت كۆزىنىڭ نۇر-زىياسى شۇنىڭدىن؛ ئىشق — تاۋلىنىپ تۇرغان گۆھەردۇر، ئىنسانىيەت تاجىسىنىڭ زىننىتى ۋە باھاسى شۇنىڭدىن.

ئىشق — بەخت — تەلەي قۇياشىدۇر، قايغۇلۇق دىللار تىكەنزارى ئۇنىڭدىن گۈلشەن؛ ئىشق-بالقىپ تۇرغان تولۇنئايدۇر، قاراڭغۇ كۆڭۈللەر كېچىسى ئۇنىڭدىن روشەن. ئىشق — كەڭ دېڭىزدۇر، ئۇنىڭ ھەر بىر دولقۇنى يۈز ئەقىل — ھوش كېمىسىنى غەرق قىلىدۇ؛ ئۇ شۇنچىلىك ئېگىز تاغكى، ھەر چوققىسى مىڭ تەقۋادارنىڭ بېشىنى ئۇچۇرىدۇ... ئىشق-يالقۇندۇر، ئەقىل — دىن خامىنىنى كۆيدۈرىدۇ. ئۇ، بوراندۇر، كۆيگەنلەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيدۇ.

## ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە

مۇلايىملىق — ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ خۇش مەنزىرىلىك مېۋىلىك بېغىدۇر ۋە ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ جاۋاھىرغا باي تېغىدۇر.

مۇلايىملىق — ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قىممەتباھا لىباسى ۋە ئۇ كىيىم تۈرلىرىنىڭ ئەڭ چىدامىلىق رەختىدۇر. ئۇ — يامان نەپسىنى بوران ئۇچۇرۇشتىن ئاسرىغۇچى ۋە ئىككى يۈزلىمە مۇناپىقلارنىڭ بىھۇدە ھەرىكىتىدىن ھىمايە قىلغۇچىدۇر.

* * *

كەمتەر كىشىلەر كۆپ سۆزلەشتىن قاچىدۇ؛ ئۇلار كۆپ ئاڭلاشنى خالايدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ. ئاڭلىماق — كىشىنىڭ بىلىمىنى بېيىتىدۇ؛ كۆپ سۆزلىمەك — يىقىتىدۇ. كۆپ گەپ قىلغان — كۆپ يېڭىلىدۇ. كۆپ يېگەن — كۆپ يىقىلىدۇ. تەن كېسەللىكىنىڭ ئاساسى — كۆپ يېمەك، قەلب كېسەللىكىنىڭ ئاساسى — كۆپ سۆزلىمەكتۇر.

* * *

ئەدەب — ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشىكىنى ياپىدۇ ۋە ئادەمنى مەسخىرە، كەمسىتىشتىن ساقلايدۇ. ئەدەب — ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئىنسانىي پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئارام بېرىدۇ.

* * *

ئەدەب — مېھرى — مۇھەببەتنىڭ زىبۇزىننىتىدۇر؛ ئەدەبسىزلىك — دوستلۇققا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئەدەب — دوستلۇق ئەينىكىگە جۇلا بېرىدۇ ۋە ئىككى ئارىغا يورۇقلۇق بېغىشلايدۇ.

* * *

قابىقسىز ئادەم — بەدپېئىل، مىجەزى چۇس ئادەم — بىر بالاغا گىرىپتار، بىر ئاپەتكە مۇپتىلا بەدبەختىدۇر. ئۇلار نەگىلا بارسا، بالادىن قۇتۇلالماس، ئاپەتتىن خالىي بولالماس.

* * *

نەپسىنىڭ بالاسىغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ يېيىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق. تەكەببۇر ئادەم گەپ سېتىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ھارام غىزادىن راھەتلىنىدۇ؛ بىرى بولسا، دائىم ئۆزىنى ماختاپ ئارام ئالىدۇ.

* * *

ئادەم — دۇنياغا تەڭ شەرەپ ئىگىسىدۇر. ئىت — يىرگىنچىلىك مەخلۇقتۇر. ئەمما، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بىۋاپا ئادەم — ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان ۋاپادار ئىتتىن پەستۇر. ۋاپادار قوتۇر ئىت — ۋاپاسىز گۈزەل، بەرنا يىگىتتىن ياخشىراق.

* * *

پاسىق ئالىم — ئۆزىگە زالىم دانىشمەندۇر؛ دۆلەتمەن بېخىل — ئۆزىنىڭ زىيىنىنى كۆزلىگۈچى ناداندۇر. بۇ ئىككى تائىپە ئۆمرىنى بىكارغا ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۆرگە ھەسرەت، ئارمان بىلەن كېتىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى — ئىلىم ئۆگىنىشكە جاپا — مۇشەققەت بىلەن بېرىلىدۇ، لېكىن ئىلىمگە ئەمەل قىلمايدۇ؛ ئىككىنچىسى — مال — دۇنيا يىغىش ئۈچۈن

كۆپ ئاۋارە بولىدۇ. ئەمما نېمىگە سەرپ قىلىشىنى بىلمەيدۇ.

✻ ✻ ✻

ۋاپا — شۇنداق بىر پاكىزە كۆڭۈللۈك مەھبۇبكى، ئۇ، تەبىئىتى ۋە كۆڭلى پەس كىشىلەرگە رام ۋە ئىلپەت بولالمايدۇ؛ ۋاپا-شۇنداق بىر زاتى پاك مەتلۇبەكى، ئۇ، زاتى ۋە تەبىئىتى ناپاك ئادەمگە يېقىنلاشمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىغبەت كۆرسەتمەيدۇ... شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ۋاپا — ھايا بىلەن تىرلغان، ھايامۇ ۋاپا بىلەن چىڭ باغلىقتۇر.

✻ ✻ ✻

كۆڭۈل — تەن مۇلكىنىڭ پادىشاھىدۇر. كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكى — تەننىڭ سالامەتلىكىدۇر؛ ئۇنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى — تەننىڭ بىتاپلىقى. دېمەك، كۆڭۈل — تەن مۇلكىنىڭ ئىگىسى، شاھلارنىڭ شاھىدۇر. تەننىڭ ساقلىقى ياكى ساقسىزلىقى-كۆڭۈلنىڭ ساقلىقى ياكى ساقسىزلىقىغا باغلىق. مەملىكەتنىڭ ئاۋات ۋە خارابلىقى -شاھنىڭ ئادالىتى ۋە زۇلۇمىغا باغلىق. پادىشاھ — مەملىكەت تېنىنىڭ جېنىدۇر، كۆڭۈل — تەن مۇلكىنىڭ سۇلتانىدۇر.

✻ ✻ ✻

بېلىقچىلىقنىڭ بېلىققا قارماق تاشلىشى— نەپسىنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن؛ بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشىمۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈندۇر.

✻ ✻ ✻

خاتالاشماق — ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتتۇر. خاتاسىنى ئاڭلاپ، ئاگاھ بولغان كىشى سائادەت ئىگىسىدۇر. ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەم — بۇ خاتادىن خالاس بولالايدۇ. كىمكى، خاتالىقىنى تونۇماي، بىھۇدە دەلىل كۆرسىتىپ ئالجۇۋۇرسە، گۇناھى يەنىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. خاتالاشقان كىشى ئۆزىنى قانچىكى لاپ ئۇرۇپ ئاقلىسا، خاتالىقى شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاكاۋۇرلىشىپ مۇنازىرە قىلسا، خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ رەسۋا بولىدۇ.

✻ ✻ ✻

تىنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىچىلگەن ئۇماچ- خىجالەت، مۇشەققەت بىلەن يېيىلگەن ھالۋىدىن ياخشىراق. ئەسكى چاپان بىلەن بەھۇزۇر داق يەردە ياتماق — زەر تونكىيىپ بىراۋنىڭ ئالدىدا تىك تۇرغانىدىن ياخشىراق.

✻ ✻ ✻

نامەرد — قانداق بىمەنا گەپلەرنى ئېيتمايدۇ؟ توخۇ — قانداق نىجاسەتلەرنى يېمەيدۇ؟ ياخشىلارنىڭ ھۈنىرى — سۆزىنىڭ مەناسىدا؛ بۇزۇقچىلارنىڭ ھۈنىرى ماتاسىدا. چاكىنا — پەس ئادەم ماختانغىنىنى بىلەن بۈيۈك بولماس؛ ئۆچكە يۈگۈرگىنى بىلەن كىيىك بولماس.

✻ ✻ ✻

دەردلىك كۆڭۈل — شولىلىق چىراغ؛ ياشلىق كۆز — سۇلۇق بۇلاق. تۆگە قۇشىغا يۈك ئارتىپ كۆچە بولماس؛ توخۇ قانات قېقىپ ئۇچا بولماس. ئوتنىڭ ئىشى — قۇرۇماق؛ شامالنىڭ ئىشى سورۇماق. سۇنىڭ مەززىسى مۇز بىلەن؛ ئاشنىڭ تەمى — تۇز بىلەن؛ ئادەمنىڭ ياخشىلىقى سۆز بىلەن. سالامەتلىك تىلىسەڭ — كۆپ يېمە؛ ئىززەت تىلىسەڭ— كۆپ سۆزلىمە. ياخشى لىباس تەنگە ئارايىش؛ ياخشى دوست — جانغا ئاسايىش. تاماخوردىن ياخشىلىق كۈتمە؛ گادايدىن خەير تىلىمە. بېخىلنىڭ ئامانەت ساقلىشى ئەجەبلىنەرلىك؛ سېخىدىن خىيانەت كۈتۈش ئەجەبلىنەرلىك.

## ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم - پەن ھەققىدە

بىلمىگەننى سوراپ بىلگەن — ئالىم؛ نومۇس قىلىپ سورىمىغان — ئۆزىگە زالىم. ئاز — ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر؛ قەترە-قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر. ئۆگىنىشتىن قاچقان دەردىسە؛ جاپا تارتىپ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن — دانىشمەندۇر.

(ئاخىرى 76 - بەتتە)




ھۆسنخەتلەرنى تۇرسۇن تۇردى (ئوقۇغۇچى) يازغان



ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن: دراماتورگ، شائىر، مائارىپچى ئابدۇللا روزى (1945 — 1919)
— سۇرەتنى ئۇردى ئىلى تەمىنلىگەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

《新疆文化》综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1990 - يىل 4 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部 • 出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆 •
印刷：《新疆日报》印刷厂 • 发行：乌鲁木齐市邮局 • 订阅：各地邮局（所）•

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» •
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. •

国内统一刊号：CN 65-1073/1 本刊代号：58-22 定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1 ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 22. باھاسى 0.50 يۈەن